ئومۇمي 2-سان

2019 سېنتەبىر -ئۆكتەبىر

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival





يۈز يىللىق مارافون
1



"يەرلىك"كە قارشى كۈرەش
76



مېنىڭ ئوقۇتۇش ئەقىدەم
20

2019 سېنتەبىر -ئۆكتەبىر
ئومۇمىي 2-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



## مۇندەرىجە


### تارىخ ۋە بىز

مىكويان بىلەن ماۋ زېدوڭ ئارىسىدىكى كۆرۈشۈش خاتىرىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قىسمى 74

1957 ~ 1958 – يىللىرىدىكى "شىنجاڭ" كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ۋە «يەرلىك مىللەتچىلىك»كە ھۇجۇم

2017-يىلىدىن بۇيان تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 65

### خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ستراتېگىيىسى

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىۋاتىدۇ 28

### گۈلىستان

ئاياللار ھەققىدە تەلقىنلەر - نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

مېنىڭ ھاياتىم -ئۆمەرجان بوزقىر 90

### مىسلىسىز ئويغىنىش

جىن بۇنىس ۋە ئۇنىڭ غايىسى 79

مېنىڭ ئوقۇتۇش ئەقىدەم

بىز ۋەيران قىلىنغان خەلق 81

ھاياتلىقنىڭ قارا مەرمىرى ۋە ئۇنى جۇلالاندۇرۇش 45

### كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى 40

### خەلقئارا ۋەزىيەت

گو ۋېنگۈينىڭ خىتاينىڭ رەزىل پىلانى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى 72

### ئۇيغۇر تىلى

روبېرت دانكوف ۋە قۇتادغۇ بىلىك 88

### مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

تولستوينىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يازغان ئەسىرى 59

### ھېكمەتلەر

مائارىپ دېگەن نېمە 93

### بۈيۈك سىمالار

مۇراد ئەپەندى 50















# يۇز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

مايكىل پىلزبېرى

مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسىنىڭ بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دېرىكتورى.

2

### ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر

" تەڭرىقۇت داڭقىنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراشقا تېخى بەكلا بالدۇر."
- ئەمىنىيە تارىخىدىن

خىتاي تارىخىدا 1492-يىلى ياكى 1776-يىلى دېگەندەك (يېقىن تارىخلارلا) مەۋجۇت ئەمەس. خىتاينىڭ تارىخىي يىلنامىلىرى ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. خىتايدا ئابراھامغا ۋەدە قىلىنغان زېمىن ئەپسانىسىگە ئوخشاش ياكى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنىشىنىڭ قىسقىلا پەيتتە قوبۇل قىلىنىشىغا ئوخشاش دۆلەت قۇرۇش ھېكايىسى يوق. ئەكسىچە، خىتاينىڭ تارىخى مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك چېگرالاردىكى ئۇرۇش ۋە رىقابەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ چېگرالار شەرقتىكى بىپايان ئوكيان، شىمالدىكى بىزار قىلارلىق چۆللۈكلەر ۋە غەربتىكى ئاسمان-پەلەك تاغلاردۇر. خىتايدا كۆپلىگەن سۇلالىلەر ۋە پادىشاھلار ئالمىشىپ تۇردى. خىتايلاردا سۇلالىلەر ۋە پادىشاھلارنىڭ كېلىپ كېتىشىگە مىڭ يىل كېتىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار. ھېنرىي كىسسىنگېرنىڭ بايان قىلغىنىدەك «خىتايلارنىڭ ۋاقىت قارىشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋاقىت قارىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. خىتايلار بىرەر ۋەقەنى بايان قىلسا، ئۇنى پالانچى ئەسىردە يۈز بەرگەن دەپ بايان قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئون تۆت سۇلالىسىدىن ئون سۇلالىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆمرى پۈتكۈل ئامېرىكىنىڭ تارىخىدىن ئۇزۇن.»(1) خىتاي قاتتىق قوللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار مارافوندا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن تارىختىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلىرىدىن ساۋاق يەكۈنلەيدۇ.

خىتاي قاتتىق قوللىرى تارىختىكى مۇھىم دەۋرلەر ھەققىدە كىتابلارنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەمىنىيە دەۋرى ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى دەپ ئاتالغان (2)، بەش يۈز يىللىق سىياسىي كۈرەش داۋاملاشقان ئەسىرلەردۇر. بۇ دەۋرلەر بولمىسا خىتاي پىشىپ-يېتىلمىگەن بولاتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 475-يىلىدىن باشلانغان ئاخىرقى ئىككى يېرىم ئەسىرلىك جىددىيچىلىك

دەۋرى يەتتە ئۇرۇشقاق بەگلىكنىڭ چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلىشى نەتىجىسىدە ئاياقلاشتى. (چاينا دېگەن سۆز «چىن» نامىدىن كەلگەن.) يۇقارقى ئىككىلى دەۋر شۇ دەۋرنىڭ ئاتامانلىرى ئارىسىدىكى سىياسي كۈچلەر، قىلتاقلار، ئالدامچىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوزغىغان ئۇرۇشلىرى سەۋەبلىك بالا-قازالىق دەۋرلەردىن بولغان. بۇ دەۋر كۈچلۈكلەرلا پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان شەپقەتسىز دەۋر بولغان. بۇ چاغدىكى ئاتامانلار بىر-بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئىتتىپاقلارنى تۈزگەن، ھەممىسلا مۇتلەق ھاكىمبەگ بولۇشنى كۆزلىگەن. ئەمىنىيە دەۋرىدە بەش ھاكىمبەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ چۈشكەن بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئىككى گورۇھ بولۇپ ئۆز-ئارا رىقابەتكە چۈشكەن. خىتاي قاتتىق قوللىرى يۇقارقى ئىككىلى گورۇھتىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن.

بېيجىڭدىكى خىتاي قاتتىق قوللىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن مۇھىم تاكتىكىلارنى يەكۈنلەشكەن بولۇپ، بۇ تاكتىكىلار خىتاينىڭ بۈگۈنكى ئىستراتېگى-يىسىنى بەلگىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. بىراق، ئامېرىكىنىڭ خىتاي سىياستى كومېتتى بۇ نۇقتىنى تېخى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنداقلا، بۇ نۇقتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە كەڭرى قوبۇل قىلىنغىنى يوق. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە چۈشەنچىسى ھەققىدە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ھېچنېمە بىلمەي يۈرۈشىمىزنىڭ بەدىلى يۇقىرى بولدى. بۇ خىل بىلمەسلىكىمىز تامامەن گالۋاڭدەك كۆرىنىدىغان خىتايغا ئەخمەقلەرچە يول قويىشىمىزغا يول ئاچتى.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئامېرىكىنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيىسىنى بىلمەسلىكى — بۇ خىل بىلمەسلىك غەربتە كەڭ تارقالغان — ئاز دېگەندە ئىككى جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىرىنچىدىن، ئون يەتتىنچى ئەسىردىن باشلاپ زامانىمىزغىچە بولغان دەۋرلەردە خىتاينى زىيارەت قىلغان خىتايشۇناسلار، دىن تارقاتقۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارغا ئەمەلىيەتتە ساختا خىتاي تارىخى سۇنۇلدى. يەنى، خىتاي تەرەپ خىتاينى تىنچلىقپەرۋەر كۇلتۇرگە ئىگە قىلىپ كۆرستەلەيدىغان كۆڭۈزىچىلىق تونىنى كىيىپ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى قانلىق تارىخنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇتۇپ (3)، كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنىڭغا ئالاقىدار مەنبەلەرنى تامامەن يوق قىلىپ كەلدى. ئىككىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيىسى ماۋزېدۇڭنىڭ «تۆت كونىنى يوقىتىپ، تۆت يېڭىنى روياپقا چىقىرىش» ھەرىكىتىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئارقىلىق، ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن خىتاي ئەنئەنىسىنى، مەدەنىيىتىنى، ئىدىيىسىنى ۋە ئادەتلىرىنى يوق قىلىش ۋە ئۆچۈرۈپ تاشلاش يولىنى ئاچتى. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق كەڭ غەرب دۇنياسىنىڭ «خىتاي كومپارتىيىدىن بۇرۇنقى ئۆتمىشىدىن يۇتۇنلەي خوشلىشىش يولىغا ماڭدى» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىگە مۇۋەپپەق بولدى.

ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى بارغانچە تونۇپ يېتىۋاتقان رېئاللىق شۇكى، خىتاي سىياستىنىڭ يادروسى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن ئېلىنغان ساۋاق-تاكتىكىلارنى مەركەز قىلغان. شۇڭلاشقا، خىتايمۇ يېقىندىن بۇيان بۇنىڭدا (يەنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە قوللىنىلغان سىياسەتنى قوللىنىشتا) ئاشكارا قەدەملەرنى ئالماقتا. دەسلېپىدە بۇ قەدىمي ساۋاقلارنى پەقەت خىتاي قاتتىق قوللىرىلا تىلغا ئېلىشاتتى. بۇ ھەقتە خىتايدا تۇنجى نەشر قىلىنغان كىتاب-ماتېرىياللار 1990-يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتايلار ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرى خىتايلاردىن ئىگىلىگەن ئاخباراتلار ۋە ھەربىي تەلىماتلارغا ئائىت مۇلاھىزىلەردە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە. 1991-يىلى خىتاي رەھبەرلىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت بولغان «韬光养晦» دېگەن ئەقلىيە سۆزنى يوشۇرۇن ھالدا قوللاندى. بۇ جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت ئاشكارىلانغاندا، بېيجىڭ تەرەپ بۇنى پەردازلاپ «ئۆز ئىقتىدارىڭنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئاشكارىلىما» دېگەن مەنادا تەرجىمە قىلدى.(4) ھالبۇكى، بۇ ئەقلىيە سۆز «ئەسلىدىكى ھۆكۈمران كۈچنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قانلىق قىساس ئېلىش» دېگەن مەنانى ئىشارە قىلاتتى.
ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەر دەسلېپىدە بۇ ماتېرىياللارغا ئىشەنمىدى. چۈنكى، بۇ ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر تەرەپلىمە قارشىغا زىت ئىدى. ئۇلار خىتاينىڭ ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئىستىراتېگىيە نىيىتى ــ ئەگەردە خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ ئاغزى ياكى قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا ـــ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقى كېرەك دەپ قارايتتى. خىتاي قاتتىق قوللىرى بولسا (سىرتقى دۇنيا تەرىپىدىن) مەركەزدىن يىراق ئېلېمېنتلار دەپ قارىلاتتى.

******

خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئومۇمىي جەھەتتىن خىتاينىڭ كونا ئۆتمۈشى ئۇنىڭ بۈگۈنىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمما، بۇ پەقەت مەجازى نۇقتىدىن شۇنداق.(5) ھالبۇكى، بۇ ئالىملار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى خىتاي پىرىنسىپلىرىنى ئەينى پېتى قوللانغان مەخپىي پىلان خاراكتېرلىك دوكلاتلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئەمەس، ئوخشاشلا ئەينى چاغدا خىتايدا يۇقىرى ھوقۇق تۇتۇپ كېيىن خىتايدىن يۈز ئۆرىگەن ئەمەلدارلار بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان. خىتاي ئارمىيىسى ۋە خىتاي بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان قىرىق يىللىق مۇناسىۋىتىم مېنى خىتاي مەسىلىسى جەھەتتە خىزمەتداشلىرىم بىلەن زىت كۆز قاراشقا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھازىر خىتاي قاتتىق قوللىرىنى (خىتاي سىياسىتىدىكى) يادرولۇق ئېقىم دەپ قارايمەن. خىتاي مۆتىدىللىرى بەزىدە خىتاي قاتتىق قوللىرىغا يۈۋاشلىق بىلەن تەسلىم بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار پارتىيە ئىنتىزامى ئاستىدا قاتتىق قوللارنىڭ كۈچىيىۋاتقان تەسىرى توغرىسىدا ھېچنېمىنى ئاشكارلىمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەن خىتايدىن يۈز ئۆرىگەن سابىق ئەمەلدارلارنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى گېنىراللىرىنىڭ ۋە ئىستراتېگىيىچىلىرىنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن قانداق تاكتىكا ئۆگىنىش ۋە ئۇنى بۈگۈنكى خىتاينىڭ دۇنيا خوجىسى بولۇشى ئۈچۈن قانداق تەدبىقلاش توغرىسىدىكى ئاۋامدىن مەخپىي ماقالىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بۇ ئارقىلىق شۇنى ئۆگەندىمكى، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردىكى زېھنىيەت ئۈزۈندىن بېرى خىتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا ئىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنىڭ 1995-يىلىدىكى بېيجىڭغا قىلغان زىيارىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاۋامغا يېپىق كىتابخانىلارنى ئارىلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، بۇ مېنىڭ ئاۋامغا سېتىلىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن بەزىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمدىن كېيىن بولغان ئىدى. خىتاينىڭ بۇ خىل كىتابخانىلىرىدىكى كىتاب-ماقالىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مۇۋەپپىقىيىتى ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى يۈكسەلگەن كۈچلەرنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان.
1990-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يېڭى ۋە يارقىن يۈزلىنىشلەردىن بىرى، خىتايدا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن ساۋاق يەكۈنلەشكە باشلىغان ئاپتورلارنىڭ كۆپىيىشى بولدى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋانگارتى گېنىرال لى بىن يەندۇر. خىتاي گېنىراللىرىدىن ئوتتۇزى ئۇرۇشقاق

بەگلىكلەر دەۋرىگە ئالاقىدار كلاسسىك ئەسىرى «سۇنزى ھەربىي دەستۇرى» نى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن نەچچە يىلدا بىر قېتىم يىغىن چاقىراتتى. مەن بەش بۇرجەكلىك بىناغا تەۋە ئالىم بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن بۇنداق يىغىنلاردىن ئۈچىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدىم. خىتاي قاتتىق قوللىرى مېنى ئامېرىكا بىخەتەرلىك تارمىقىغا تەۋە قاتتىق قوللار قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار مېنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ تاكتىكىلىرىنى بىلىدۇ دەپ قالغان ئىدى (ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇلارنىڭ خاتا پەرىزى بولسىمۇ كېيىن راستقا ئايلاندى). بۇنداق يىغىنلار بۈگۈنگىچە داۋام قىلماقتا. مەن 2013-يىلى ئۆكتەبىردە خىتاينىڭ ھەربىي كىتابخانىسىنى كۆرۈپ ئىككى ئىشتىن ھەيران قالدىم. بىرى، بۇ يەردە خىتاينىڭ قەدىمكى تارىخىغا ئائىت ساۋاق خاراكتېرلىك ماتېرىياللار ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. مەن ھەربىي ئەمەلدارلاردىن بىرىدىن بۇ كىتابخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا «پەقەت خىتاي ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئۈچۈنلا» دەپ بەلگە قويۇلغان تېخىمۇ كۆپ تارىخىي ماتېرىياللار بارمۇ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ چاقچاق ئارىلاش «شۇنداق، بۇ كىتاب-ماتېرىياللار چەتئەللىكلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەمەس، چۈنكى چەتئەللىكلەرنىڭ كىتاب-ماتېرىياللىرى بەك كونكېرت (ھەممە گەپ ئوچۇق دېيىلگەن)» دەپ جاۋاب بەردى.

مەن بۇ ھەرىكەتنى (يەنى خىتاي قەدىمكى تارىخىدىكى تاكتىكىلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەرىكىتىنى) يىگىرمە يىل ئاۋۋال قوزغىغان ئاپتورلارنىڭ كوللېكتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەنلىكىنى ۋە تەتقىقات گۇرۇپپىسى بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنى بايقىدىم. بۇ خىل گۇرۇپپىلارنىڭ تۇنجىسى 1996-يىلى تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئەڭ كېيىنكىسىمۇ 2012-يىلى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تۇردىكى تەتقىقاتلارنى باشلىغان پولكوۋنىكلار گېنىرال، دېڭىز ئارمىيە قوماندانى قاتارلىق رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەمدىلىكتە يېڭىدىن سەپكە قېتىلغان ياشلار بۇ خىزمەتنى يۈرۈتمەكتە.

«ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى» ھېچقاچان ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ باقمىغان رىۋايەتلەر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەر خىتايدا ناھايىتى مودا بولغان ۋە كۈچلۈك تەتقىق قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان تەقدىردە، كۆپلىگەن

ئامېرىكىلىقلار خىتاي رەھبەرلىرىنى ۋە بۇ رەھبەرلەرنىڭ خىتاي تارىخىدىكى ئاشۇ بوھرانلىق دەۋردىن ئۆگەنگەن دەرس، تاكتىكىلارغا ئاساسلىنىپ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى نىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەن بولاتتى.

خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرىگە ئائىت دەرسلەر ئۆگىتىلىدۇ، بۇ تۆردىكى دەرسلەرنىڭ كۆپۈنچىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قوللانمىسى ھېسابلانغان «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى» دىن ئېلىنغان. خىتاينىڭ بۈگۈنكى ھەربىي ئالىملىرى ۋە سىياسىي پەلسەپەشۇناسلىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىنى خىتاي تارىخىدىكى باشقا ھەر قانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەك ئەسلىشىدۇ. يىگىرمە بىر خىتاي گېنراللىدىن تەشكىللەنگەن بىر كومىتېت «قەدىمكى خىتاي تارىخىدىن ساۋاقلار» نامىدىكى توققۇز توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ كىتابلار ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت. كۈنىمىزدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپ-ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ نۇرغۇنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى جېدەل-يېغىلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك.
بۈگۈنكى خىتاي رەھبەرلىرى قوغلىشىۋاتقان ــــ شۇنداقلا نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن ــــ مارافون ئىستراتېگىيىسى ئومۇمەن خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدىن ئۆگەنگەن تەجرىبە ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنلىرىدىن ئىبارەت.
خىتاينىڭ يۈز يىللىق مارافون ئىستراتېگىسىنى تەشكىل قىلغان توققۇز پرىنسىپ بار بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**بىرىنچى: رەقىبىنى كۆرەڭلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا شەپە بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش .**
خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە چۈشەنچىسىدە ئامېرىكىغا ئوخشاش كۈچلۈك دۈشمەننى ھەرگىزمۇ مۇددەتتىن ئاۋۋال غەزەپلەندۈرۈپ قويماسلىق، ئەكسىچە، ھەقىقىي غەرەز تاكى ھۆجۇمغا ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى يېتىپ كەلمىگۈچە تامامەن يوشۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن نەرسە بار.
**ئىككىنچى: دۈشمەننىڭ مەسلەھەتچىلىرىنى ئۆز پايدىسىغا ئىش قىلدۇرۇش.**
خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى رەقىبىنىڭ لىدېرلىق ئاپپاراتى ئەتراپىدىكى تەسىرى چوڭ مەسلەھەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق دۈشمىنىنىڭ ئۆيىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى ھالىغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل تىرىشچانلىقلار ئۇزۇندىن بېرى خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىك بولۇپ كەلدى.

**ئۈچىنچى: غەلبە كەلگۈچە ئون يىللاپ، ھەتتا ئونىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت سەبرچان بولۇش.**
ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ غەلبىلەر ھەرگىزمۇ تېزلا قولغا كەلگەن ئەمەس. غەلبە بەزىدە پەخەس بولۇپ ئىش كۆرۈپ، سەبىر بىلەن كۈتۈش نەتىجىسىدە نەچچە ئون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن قولغا كېلىدۇ. بۈگۈنكى خىتاي رەھبەرلىرى بۇ ساۋاقلاش ئويۇنىنى ئوينىغانغا تولىمۇ خۇشال.

**تۆتىنچى: ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ (پايدىلىق) ئىدىيە ۋە تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاش.**
غەربنىڭ قانۇنىي چەكلىمىلىرى ۋە قانۇن نىزاملىرى تەرىپىدىن تەسلىكتە توسۇپ تۇرۇلۇۋاتقان خىتاي ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت جەھەتتىكى ئوغرىلىقلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا قوبۇل قىلماقتا. بۇ خىل ئوغرىلىق نىسبەتەن ئاسان، ئۈنۈملۈك تەنەررخ ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاجىز دۆلەت كۈچلۈك دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئىگىلەيدۇ.

**بەشىنچى: ھەربىي كۈچ ئۇزۇن مۇددەتلىك رىقابەتتە يېڭىپ چىقىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.**

بۇ تاكتىكا خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بايلىق مەنبەسىنى سەرپ قىلمايۋاتقانلىقىنى قىسمەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى قورقۇنچلۇق كۈچ توپلاشتىن بەكرەك، دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى نىشانغا ئېلىش ئارقىلىق ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇشنى تەرغىب قىلىدۇ.

**ئالتىنچى: بىلىش كېرەككى، ھۆكۈمران كۈچ ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاش ئۈچۈن جىددىي، ھەتتا قاپ يۈرەكلەرچە ۋاستە قوللىنىدۇ.**
ھۆكۈمران كۈچنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە يىمىرىلىشى بەلكىم

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ئىستراتېگىيىسىدە، ھۆكۈمران كۈچ — بۈگۈنكى ھۆكۈمران كۈچ ئامېرىكىدۇر — باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنىڭ كۈچىدە چۈشۈش كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كېچىگە جىمجىت ھالدا كىرمەيدۇ (يەنى بۇ خىل ئاجىزلىشىشقا جىمجىت قاراپ تۇرمايدۇ)، دەپ قارىلىدۇ. خىتاي ئىستراتېگىيىسىدە يەنە ھۆكۈمران كۈچ مۇتلەق ھالدا بارچە رېئال ۋە يوشۇرۇن خىرىسلارنى يوق قىلىدۇ، دەپ چۈشىنىلىدۇ.

**يەتتىنچى: «شى» (势) نى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارما.**

«شى» ئۇقۇمى توغرۇلۇق كېيىنكى بايانلىرىمىزدا تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ يەردە «شى» ئۇقۇمى ئىككى جەھەتتىن خىتاي ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم نۇقتا ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتۈشىمىز يېتەرلىكتۇر، ئۇ بولسىمۇ، ۋاقىت جەھەتتىن ئۆتۈش ئۈچۈن باشقىلارنى ئالداش، يەنە بىرى زەربە ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى پۇرسەت پەيتىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت.

**سەككىزىنچى: باشقا يوشۇرۇن رەقىبلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن مىزان بەلگىلەش ۋە قوللىنىش.**

خىتاي ئىستراتېگىيىسى ھەربىي جەھەتتىكىلا ئىشلىتىلىۋالماستىن، ھەم تىنچلىق دەۋرلىرىدە، ھەم ئۇرۇش دەۋرلىرىدە ئۆزىنىڭ نىسپىي كۈچىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا ئەزەلدىن بۇنداق قىلىپ باققان ئەمەس.

**توققۇزىنچى: باشتىن ئاياق ھوشيارلىقنى ساقلاش. باشقىلار تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىشتىن ياكى ئالدىنىشتىن ساقلىنىش.**

خىتاي رەھبەرلىرى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تەرسالىق ھېسسىياتى بىلەن شۇنداق دەپ قارايدۇكى، خىتاينىڭ بارلىق يوشۇرۇن رەقىبلىرى خىتاينى بوزەك قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خىتاي چوقۇم ئۆزىنىڭ قوش ئۆلچەملىك ۋاستىسى ئارقىلىق بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. ۋەھشىيلىكتە ئۈچىغا چىققان ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدە مەرت ۋە سەمىمىي لىدېرلار پەقەت جەڭدە مەغلۇبىيەتكىلا ئۇچراپ قالماي، تامامەن ھالاك بولغان. بەلكىم، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچى قورشاۋدا قېلىش بولسا كېرەك. خىتاينىڭ قەدىمىي ئويۇنلىرىدىن ھېسابلانغان «قورشاۋ شاھمات» تا، رەقىبىڭىز تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك، بۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ماس ھالدا دۈشمىنىڭىزگە تۇزاق قۇرۇشىڭىز ۋە ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. كۈنىمىزدە خىتاي رەھبەرلىرى — قورشاۋ شاھماتتا ئوخشاش — رەقىب دۆلەتلەر مۇقەررەر ھالدا بىر-بىرىنى قورشاۋغا ئالىدۇ دېگەن ئىدىيەدە ئىش يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللار ئارمىيە ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن، بولۇپمۇ خىتاي قاتتىق قوللىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. خىتاينىڭ **1920**-يىللاردىن باشلانغان خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىدىن ئاۋۋالقى خەلق ئارمىيىسى ئەنئەنىسىگە ئاساسەن خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي خادىملىرى ئاۋام ئىستراتېگىيىسى پىلانىدا مۇھىم رول ئوينىشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئامېرىكا سىستېمىسى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە زور پەرقكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى ئائىلە پىلانى، باج، ئىقتىسادىي سىياسەت دېگەندەك ئومۇمەن ئاممىۋىي ساھەلەردىكى لىدېرلار دەپ قارالغان شەخسلەرنى گېنىراللار ۋە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرىنىڭ ئورنىغا بەش بۇرجەكلىك بىناغا ئەكىرىپ قويۇلغانلىقى پەرەز قىلىنسا بولىدۇ. يەنە، ئامېرىكىدا ئالىي سوت مەھكىمىسى بىلەن مۇستەقىل تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىسىڭىز (خىتايدا بۇ ئورگانلار ئۆز ئالدىغا ئەمەس، كومپارتىيەنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش يۈرگۈزىدۇ)، بىزنىڭ ھەربىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ مەلۇم دائىرىدە چەكلەنگەن تەسىرى بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي رەھبەرلىرىنىڭ تاكى **1949**-يىلىدىن بۈگۈنگىچە دۆلەت مىقياسىدا ئەڭ ئۈستۈن مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقى ئارىسىدىكى ئاسمان-زېمىن ئوخشىماسلىقنى بايقايسىز.

يېڭى زاماندىكى خىتاينىڭ تۇنجى قېتىملىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گېنىرال ئىدى. بىز ئەمەلىيەتتە

ھېنرىي كىسسىنگېرنىڭ (Henry Kissinger) ئەسلىمىسىدىن شۇنى ئۇقتۇقكى، خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش قارارى خىتاينىڭ خەلق رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، تۆت خىتاي گېنىرالىدىن تەشكىل تاپقان بىر كومېتېت تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئىكەن.(6)

1979-يىلىدا بولسا، خىتاينىڭ قورال-ياراغ لاھىيەلىگۈچىسىدىن بىرى بىر پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتىنى تەتقىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇردى. 1980-يىلى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ داڭلىق ئىنىستىتۇتلىرىدىن بىرسى بولغان ھەربىي -ئارمىيە ئىلىم پەن ئاكادېمىيەسىنىڭ ھەربىي يازغۇچىسى، خىتاينىڭ مارافون ئىستىگراسىيەسىنى يولغا قويۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرلەش ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان بىر خەلقئارالىق ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتايدىكى ئىستراتېگىيە توغرىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىتابلاردىن بىرى ھەربىي ئىلىملەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى يازغان «مۇھىم ئىستراتېگىيە» دېگەن كىتابتۇر.(7) خىتاي گېنىراللىرىدىن بىرى خىتاينىڭ ئېنىرگىيە مەنبەسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىستراتېگىيە بەلگىلىگەن. خىتاينىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەربىي ئىلىم ۋە تېخنولوگىيە پىلانى 1986-يىلى خىتاي قاتتىق قوللىرىغا مەنسۇپ بىر گۇرۇپپا ئاتوم قورالى ئالىملىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.(8)

1970-يىلى ئىيۇندا خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان باشقا مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشاشلا يۇقىرىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. مەن شۇ يىلى ئىيۇندا تەيۋەن دۆلەتلىك ئۇنۋېرسىتېتىغا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا تاللانغان ئامېرىكىلىقلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدۈم. بۇ مېنىڭ خىتاي مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا تۇنجى رەت قەدەم بېسىشىم ئىدى. (تەتقىقات ھاياتىمىزنىڭ) ئىككى يىلى خىتاينىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەن تەيۋەندە تەيۋەنلىك خىتاي ئائىلىسىدىن بىرى بىلەن ياشىدىم، ھەر كۈنى بىر كىچىك زالدا دەرسلەرگە قاتناشتىم. دەرسكە تۆت ئوقۇتقۇچى ئىچىدىكى كۈنبويى نۆۋەت بىلەن دەرسكە قاتنىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى بىلەن قاتنىشاتتىم. دەرس بىر يۇرۇش دەرسلىك كىتابنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئەڭ ياخشى كلاسسىك تارىخى دەپ قارىلىدىغان بۇ دەرسلىكلەرنى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇيدۇ. مەن بۇ تىل دەرسلىكلىرىدە ئوقۇغان ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى چەكتە دۇنيانى چۈشىنەلىشىنى ئاساسىي مەۋقە قىلغان. بۇ ۋەجىدىن، بۇ دەرسلىكلەر خىتاينىڭ ئىدىيىسى، تارىخى ۋە دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشىمدىكى پەنجىرە بولۇپ قالغان. بۇ دەرسلىكلەر شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا ئۆزۈم چەكسىز ھوزۇر ئالغان بىلىم مەنبەسى بولۇپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز خىتاي ئەنئەنىسىنى — خەيرسۆيەرلىك ۋە سەمىمىيەتنى چىقىش قىلغان كۆڭرىچىلىق دۇنياسى بىلەن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى زوراۋانلىرىنىڭ شەپقەتسىزلىك دۇنياسىدىن ئىبارەت — بىر-بىرىگە زىت ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىيتتى. بىز خىتاينىڭ تارىخىنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن خىتاينىڭ مۇنۇ ئەقلىيە سۆزىنى يادلىۋالغان ئىدۇق: «外儒内法» (سىرتقا شەپقەتلىك، ئىچىگە شەپقەتسىز بول.)(ئاپتورنىڭ تەبىرى ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىندى-ت)

*****

خىتاي قاتتىق قوللىرى كۈنىمىزدە ئامېرىكا بىلەن خىتاي توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىگە تەۋە مەشھۇر ۋەقەلىك بولۇپ، بۇنىڭدا كۈچىيىۋاتقان «چۇ» بەگلىكى بىلەن ئاجىزلاشقان «جۇ» سۇلالىسى ئارىسىدىكى ۋەقەلىك مەۋجۇت. چۇ بەگلىكىنىڭ ئاتامانى چۆكۈۋاتقان جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە قوشنا چېگرىسىدا، جۇ سۇلالىسىنىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىۋاتقاچ، ئۇ خادىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا جۇ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئېغىرلىقى توغرىسىدا سورايدۇ. جۇ سۇلاسىنىڭ خادىمى جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ:«سۇلالە-خاندانلىقلار ھەر قانداق چاغدا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن يوقىلىشقا مېڭىپ، تەڭرىقۇتنىڭ داڭقىنى قولدىن كېتىدۇ. جۇ سۇلاسى پادىشاھىنىڭ داڭقىنى بار. پادىشاھنىڭ ئەجدادلىرى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوتتۇز ئەۋلاد، ياكى يەتتە يۈز يىل جاھان سوراشنى ئارزۇ قىلغان. گەرچە خاندانلىقىمىزنىڭ شەۋكىتى تۆۋەنلەپ قالغاندەك بولسىمۇ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى تېخى ئۆزگەرگىنى يوق.تەڭرىقۇتنىڭ داڭقىنىنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنى سوراشقا تېخى بەك بالدۇر .»(9) (جۇ سۇلالىسى خادىمىنىڭ جاۋابى مۇشۇنداق بولدى.) چۇ بەگلىكىنىڭ ئاتامانى تەڭرىقۇت داڭقىنى توغرىسىدا سوراش سەۋەبلىك، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ جۇ سۇلالىسىغا بولغان خىرىسىنى چاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

خىتايدا «تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سورىما» دېگەن سۆز ئىنتايىن مەشھۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، سەن دۈشمەن دەپ بىلگۈچىگە تاكى ئۇ سېنى چېكىندۈرەلمەس هالغا كەلمىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا قارشى نىيىتىڭنى هەرگىز چاندۇرۇپ قويما. ئەگەر سەن خەلقئارادىكى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈچ بولۇپ، دۇنياغا هۆكۈمران كۈچ تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنماي دېسەڭ، شۇ كۈچلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى تىزگىنلىشىڭ كېرەك.تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ هەجمى ۋە ئېغىرلىقىنى سوراش چۇ بەگلىكىنىڭ ئاتامانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقى بولغان.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان كۈچلەر كۆپلىگەن بۈيۈك كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. هەر قانداق چاغدا، غەلىبىلىك هالدا باش كۆتۈرۈۋاتقان كۈچ پادىشاهلىق تەختىنى كۆزلەۋاتقان قارا نىيىتىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىدىكى پادىشاهنى كۆرەڭلىكىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قويۇپ بەرگەن. باش كۆتۈرۈۋاتقان كۈچنىڭ ئاتامانى قىلالايدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئىش، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلگەنگە قەدەر، رەقىبىنى تېخىمۇ كۈچلۈك رەقىبىگە قارشى كۈشكۈرتۈش بولغان. پادىشاھ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن بەكلا ئاجىز كەلگەن، شۇنداقلا كونا ئىتتىپاقداشلىرى ئۇنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىنلا، توختاۋسىز باش كۆتۈرۈۋاتقان كۈچ ئۆزىنىڭ هەقىقىي مەقسىدىنى ئاشكارىلىغان.

«ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ هىيلە-نەيرەڭلىرى» گە ئاساسەن، هەتتا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان بەزى دانا ئاتامانلار ئۆز رەقىبى بولغان پادىشاهنى ــ پادىشاهقا قىلچە سەزدۈرمەستىن ــ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا قايىل قىلغان. بۇنداق ئەهۋاللاردا، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان كۈچ پادىشاهنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزىگە زىيانلىق دەپ قارىغان مەسلەهەتچىلەرنى جازالىشى ئۈچۈن پادىشاهنى قايىل قىلغان. شۇنداقلا، ئۆزى كونترول قىلالايدىغان مەسلەهەتچىلەرنى ئۆزى بىلەن هەمكارلىششقا كۆندۈرگەن.

«ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ هىيلە-نەيرەڭلىرى» دە، تەبىئىي دۇنيا تەرتىپى قاتلامچانلىققا ئىگە، ئۈست قاتلامدا بىر هۆكۈمدارنىڭ بولماسلىقى پەقەتلا ۋاقىتلىق هادىسە دەپ قارىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان دۇنيا تەرتىپى بۈگۈنكى بېيجىڭدىكى رەهبەرلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بىلەن ئوخشاش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

خىتاي رەهبەرلىرى ئامېرىكا بىرىنچى  بولغان، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيانى تەرغىپ قىلىدۇ. هېكايىدىكىسى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سورىمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيانى پەقەتلا ئۆزلىرى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان يېڭى دۇنيا خاراكتېرلىك تەبىقىلىك تۈزۈلمە سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئۇلار بۇ يېڭى تۈزۈلمىنى ئاتاشتا قوللانغان ئاتالغۇ غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن «فېدراتسىيە» ياكى «بىرلەشكەن دەۋر» دېگەندەك مەنالاردا تەرجىمە قىلىندى. بىراق، بۇ ئاتالغۇنى ئەسلىدە «بىر قۇتۇپلۇق جاهان سوراش» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەڭ توغرا هېسابلىنىدۇ. خىتاي رەهبەرلىرى 2005-يىلىدىن ئېتىبارەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا ئاممىۋي مۇنبەرلەردە مۇشۇ خىلدىكى تەڭپۇڭ دۇنيانى تىلغا ئېلىپ كەلدى.

خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇهىم ئامىللاردىن بىرى غەربتە سودىگەرلەرچە تىجارەت خاراكتېرى دەپ ئاتىلىدىغان، يۇقىرى ئاموۋنا بېجى قويۇلغان، تەبىئىي بايلىقلار بىۋاستە كونترول قىلىنغان، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قوغدالغان سېستىمىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ هەممىسى بىر دۆلەتنىڭ پۇل زاپىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. خىتايلار «تىجارەت مەنپەئەتچىلىكى»(重商主义 - mercantilism) نى ئىجاد قىلدى. خىتاي رەهبەرلىرى غەربنىڭ «ئەركىن بازار ۋە ئەركىن تىجارەتنىڭ غەلىبىسى مەنپەئەتچىلىكنى زاماندىن قالدۇرۇپ قويدى» دېگەن قارىشىنى رەت قىلىپ كەلدى.(10)

خىتايدا تىجارەت مەنپەئەتچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي سودا ۋە بازارنىڭ ئېهتىياجلىق مەنبەلەرگە بولغان ئېهتىياجنى يېتەرلىك دەرىجىدە قامداشتا ئېهتىيات بىلەن ئىش كۆرىدۇ. خىتاي رەهبەرلىرى كېلىش ئالدىدىكى كىرىزىسنىڭ رايون خاراكتېرلىك ياكى يەر شارى خاراكتېرلىك ئېنىرگىيە يېتىشمەسلىكىگە سەۋەب بولۇشىدىن بەكمۇ قورقۇشىدۇ. نەتىجىدە، بەئەينى ياۋروپالىق مەنپەئەتپەرەس خانلار ئون ئالتە ۋە ئون يەتتىنچى ئەسىرلەردە يېڭى زېمىنلارنى بېسىۋالغىنىدەك، خىتايلار چەتئەلدىكى تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىگە ئىگە بولۇشنى ياكى ئۇلارنى كونترول قىلىشنى قارار قىلغان. مانا بۇ «ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىنىڭ هىيلە-نەيرەڭلىرى» دىكى كۆپلىگەن تاكتىكىلارنىڭ بىرىدۇر.  ئامېرىكا

كارخانىلىرى پەسىلىك دوكلاتلارغا تايىنىدۇ، ئامېرىكا سىياسىئونلىرى قىسقا مۇددەتلىك سايلام چەمبىرىكىدە ئىش يۈرگۈزىدۇ. شۇنداقلا، غەلىبىلىك پاي-چەك بازىرى ئىستراتېگىيىسى بىر كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سودىنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن رىقابەتچى كۈچلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى غەلىبىنىڭ ھەرگىزمۇ بىر كۈندە، ياكى بىر يىلدا، ھەتتاكى ئون يىلدىمۇ قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئەسىرلەر ھالقىغان ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنىڭلا غەلبە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، بۈگۈنكى ئون يىلدىن ئىككى قارار ھاكىمىيەت بېشىدا بولىدىغان خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق مۇددەتتىمۇ يېتىپ بولالمايدىغان، نەچچە ئەۋلادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پىلانلارنى تۈزۈشى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال.

خىتاينىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى ئەدەبىياتى ۋە باشقا فولكلور ھېكايىلىرىدىكى باش قەھرىمانلارمۇ ئوخشاشلا دۈشمەندىن ئىدىيە ۋە تېخنىكا ئوغرىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىشىدۇ. كۈنىمىزدە، خىتاي ئىستىخباراتى توختاۋسىز ھالەتتە تېخنولوگىيە ۋە رەقىبىدىن ئۇچۇر ئوغرىلايدۇ. بۇ ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئۇدۇللا خىتاي رەھبەرلىرىگە تەمىنلىنىدۇ.(11) كۆپلىگەن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى كۈنىمىزدىكى خىتاينىڭ سودا جاسۇسلۇقى قىلىشى ياكى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشى قاتارلىق بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىنى ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بىر ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن قالغان ھىيلە ــ نەيرەڭگە ئاساسلانغان تېخىمۇ بۈيۈك ئىستراتېگىيىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

بۇ ھال ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭكى بىلەن روشەن زىتلىققا ئىگە. ئامېرىكادا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىشى سەتچىلىك، ھەتتا قانۇنسىزلىق دەپ قارىلىدۇ. مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندىن بۇيانقى قىرىق يىلدا ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) نى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرىغا ئوخشاش ھالدا ۋەزىپىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىدىم. ئامېرىكا باش ئەلچىلىرى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ چەتئەللەر بىلەن بولغان سودىدا زور پايدىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن بۇ شىركەتلەرگە ھەمدەمدە بولۇشقا تامامەن قادىر، بىراق بۇ ھۆكۈمەت جاسۇسلىرىنىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن بىۋاسىتە ھالدا تېخنولوگىيە ۋە ئەقىل-مۈلۈك ھوقۇقىغا تەۋە ئۇچۇرلارنى ئوغرىلىشى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر ھال.

بىز يەنە ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ كۆلىمى ھەققىدىكى كۆز قاراش پەرقىنىمۇ نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. ئامېرىكىنىڭ كاتتا غەلىبىلىرىنىڭ نۇرغۇنى زور قوشۇن ئارقىلىق روياپقا چىققان. گىرانت (James Grant) لي (Lee)نى تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر ۋە تېخىمۇ كۆپ قورال ئارقىلىق يەڭگەن. **1944** – يىلى **7** - ئاينىڭ **6** - كۈنى، دىۋايت ئېيزىنخاۋېر تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ دېڭىز فىلوتىنى نورماندىغا ئەۋەتكەن. ھەتتا يېقىنقى زامانلاردىكى ئاتالمىش «پوۋېل تەلىماتى» (powell doctrine) دىمۇ دۈشمەنىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە كۆپ قوشۇن تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ھەربىي خىراجەت ئۇنچە زور بولغان ئەمەس. نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان پاسسىپ رىقابەت بۇ دەۋردىكى تىركىشىشنىڭ ئاساسىي شەكلىگە ئايلانغان. بۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر تاكتىكىلاردىن بىرى رەقىبىنى ھەربىي خىراجەتنى زىيادە كۆپەيتىشكە قىزىقتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق مالىيە جەھەتتىن ھالسىرىتىش بولغان. شۇنىڭدىن **2000** يىل كېيىن، ئامېرىكامۇ موسكۋانى دۆلەت مۇداپىيەسىگە زىيادە كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىشقا قىزىقتۇرۇپ ۋەيران قىلدى.

مەسىلەن، **2011** – يىلىنى مىسالغا ئالساق، شۇ يىلى ئامېرىكا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP)نىڭ بەش پىرسەنتىنى ھەربىي خىراجەتكە ئاجراتقاندا، خىتاي ئاران ئۆز GDP سىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئاجراتقانىدى (12). خىتاي ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ھەربىي تەسىرىنى كېڭەيتمەيدىغانلىقى ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى، بەلكىم 300 دىن ئاز يادرو ئوق بېشى بار قورال ياراغ زاۋۇتىنىلا ساقلاپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە يالغان ۋەدە بېرىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ كەلدى. خىتاي ئامېرىكا ئايروپىلان ياسىسا ئايروپىلان، پاراخوت ياسىسا پاراخوت ياساپ، ئامېرىكا بىلەن (قارىغۇلارچە) بەسلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئەڭ ئاز تەننەرخ بىلەن ئەڭ كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن غەيرىي سىممېترىك سېستېمىغا كۆپلەپ مەبلەغ سالدى.

خىتايلار نۆۋەتتە سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد ياساش تېخنىكىسىدا باشلامچى ئورۇنغا ئۆتتى، رادارغا چۈشمەس بومباردىمانچى ئايروپىلانغا تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تېپىپ چىقتى. ئۇلار يەنە خاككېرلىق ھۇجۇمى ئۈچۈن زور مەبلەغ ئاجراتتى، شۇنداقلا بىر نەچچە مىليون دوللار سەرپ قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ تۆت مىليارد دوللارغا پۈتكەن ئاۋىياماتكىسىنى چۆكتۈرۈۋېتەلەيدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساپ چىقتى (13). شۇنچە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ بۇنچە تۆۋەن تەننەرختە پۈتۈشىدە، ئۇشبۇ بومبىنىڭ ئامېرىكادىن ئوغرىلانغان تېخنىكىغا تايىنىپ ياسالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

غەربتىكى نۇرغۇن تەھلىلچىلەر خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە دېڭىز قاتناش يولىنى قوغداش ئۈچۈن ھەربىي كۈچىنى تېخىمۇ زورايتمايدىغانلىقىغا ھەيران بولۇشىدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن تېپىش مۇمكىن. خىتاي بۇ ئارقىلىق رەقىبىنى چۆچۈتۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىشى ئامېرىكىنىڭ خۇيىنى تۇتقۇزىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك قۇتراتقۇلۇق ھېسابلىنىدۇ. (قانداقلا بولمىسۇن، 1949 – يىلىدىن 1963 – يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېمبارگوسى ئاستىدا ياشىغان خىتاي ئامېرىكىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشنىڭ ئاچچىق تەمىنى ئاللىقاچان تېتىپ باققان) (14). خىتايلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغۇدەك، ئەمما مۇددەتتىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ نوپۇزىغا خىرس قىلمىغۇدەك دەرىجىدىكى ھەربىي كۈچكە موھتاج. ھالبۇكى، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى پىرىنسىپقا ئاساسەن، نەچچە ئون يىللىق رىقابەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، يەنى ئامېرىكا خىتاينى توسۇش جەھەتتە بەكلا كېچىكىپ كەتكەن ۋاقىتتا، خىتاي ئۆزى بېكىتتۈالغان ھەربىي خىراجەت چەكلىمىسىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىشنى قارار قىلىشى مۇمكىن. 20 يىلدىن بۇيان خىتايدىكى ھەربىي ئىنقىلابقا دائىر ئەسەرلەردە خىتاينىڭ (ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىپ) پارتلىشىغا ماس كېلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقىت ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، (ئۇلار پۇرىتىپ ئۆتكەن كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقىت) ھازىردىن نۇرغۇن يىللار كېيىن ئىدى (15).

ئەگەر ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر زېھنىيىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشى ئارىسىدىكى سېلىشتۇرمىنى بىرلا پەرققە يىغىنچاقلاش مۇمكىن بولسا، بۇ پەرق شۇكى: ئامېرىكىلىقلار باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ رىقابەت ۋە ھەمكارلىق داۋامىدا گاھ گۈللىنىپ، گاھ يىرىكلىشىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ بېيجىڭ (خىتايلار) بولسا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ئۆزۈندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتا دۈشمەنلىك ۋە ئالداش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ نوقۇل ھالدا خىتاينىڭ نادانلىقى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان خاتا چۈشەنچە بولسا ئىدى، ئامېرىكىنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىنى تۈگىتىشكە، ھېچبولمىسا ئازايتىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن ھەم ئاقىلانىلىك بولغان بولاتتى. ئەمما، ئەپسۇسكى، ئىش بۇنداق ئەمەس. خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئىشەنمەسلىكىگە خىتاينىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىستراتېگىيىلىك قارارلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان، يىلتىزى چوڭقۇر كۈلتۈر ئەنئەنىسى سەۋەب بولغان. شۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ ئامېرىكىغا بولغان ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئاساسەن ئۈمىد يوق (16).

*****

خىتاي ئىستراتېگىيىسىنىڭ يادروسىدا «شى» (势) ئۇقۇمى بار. بۇ ئۇقۇمنى غەربتىكى ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈش قىيىن. بۇ سۆزنى ئېنگلىزچىغا ئۇدۇل تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، خىتاي تىلشۇناسلىرى «شى» نى ماھىر ئىستراتېگىيىچىلەرلا ئۆزىدىن قۇدرەتلىك كۈچنى يېڭىشنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە ئىشلىتەلەيدىغان «كۈچلەرنىڭ بىرىكمىسى» ياكى «ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش خاھىشى» دەپ ئىزاھلىشىدۇ. شۇنىڭدەك، پەقەت ناھايىتى پىششقان رەقىبلەرلا ئۆزىنىڭ «شى» ئالدىدا قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.(17) ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنى مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم قىلىۋاتقان «شى» دىن يوشۇرۇن پايدىلىنىش قىلمىشلىرى جەھەتتە بىزنىڭ چۈشەنچىمىزمۇ ھەقىقەتەن كەمچىل.

ئامېرىكا كۈلتۈرىدە «شى» غا يېقىنراق كېلىدىغان ئۇقۇم جورجى لۇكاسنىڭ شەرق پەلسەپىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان «پىلانېتلار ئۇرۇشى» دېگەن ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن «كۈچ» (the force) ئۇقۇمىدۇر. گەرچە بۇ بىر مۇكەممەل قىياس بولمىسىمۇ، «شى»

سىرلىق كۈچنىڭ پاراسەتلىك رەھبەرنى پۇرسەتنى تونۇش ۋە تىزگىنلەش ئارقىلىق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىدۇ. ھەتتا، («شى» ئۇقۇمىدا) ئەڭ قابىل كىشىلەر مۇشۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ (شۇ قابىللارنىڭ) مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ھەرىكەت قىلغۇزالايدۇ. بۇلار سۇنزى ئۆزىنىڭ «ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» (ئۇرۇش سەنئىتى) دېگەن ئەسىرىدىكى «شى» بابىدا قەيت قىلغاندەك، «دۈشمەن چوقۇم كۆنمىسە بولمايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىش ئارقىلىق، دۈشمەننى ئۆزى كۆزلىگەن شەكىلدە ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ماھىر كىشىلەر»دۇر (18). (غەرب ئوقۇرمەنلىرى ) «شى» ئۇقۇمىنى ھەم ئاسان، ھەم ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن، توم ساۋيېر (مارك تىۋىننىڭ ئەسىرىدىكى بالا پېرسوناژ، ت) نىڭ قانداق قىلىپ دوستلىرىنى ئالداپ، (ئۆزى سىرلاشقا تېگىشلىك) قاشا تامنى ئۇلارغا سىرلاتقۇزغانلىقىنى ئويلىسا بولىدۇ. توم ساۋيېر باشقا بالىلارنىڭ پىسخىكىسىنى، نېمىنىڭ ئۇلارنى جەلب قىلالايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا سالغان. «شى» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن ياكى فۇنكسىيەلىرىدىن بىرى «无为» بولۇپ، بۇ باشقا مىللەتلەرنى ئۆزلۈك ئۈچۈن ئىشقا سېلىش دېگەنلىكتۇر.

«شى» ئۇقۇمى خىتاينىڭ گەۋدىلىك دۇنيا قارىشىنىڭ يادروسىغا چېتىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇقۇم ئىنسانلارنىڭ ئالەمدىكى رولىغا نىسبەتەن سىرلىق تەقدىرچىلىك چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (بۇ ئۇقۇمغا كۆرە) ئىنسانلار ۋە مىللەتلەر ئۆزئارا تەسىر قىلىشالايدۇ ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە. «شى» سۆزى خىتاي تىلىدىكى «ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش»، «ھەربىي ھالەت بەرپا قىلىش»، «ئومۇمىي ئىستراتېگىيىلىك سىياسىي ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش» ياكى «كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىزدەش» دېگەندەك مەنىلەردىكى تۇراقلىق ئىبارىلەردە ئۇچرايدۇ.

دۈشمەندىن بۇرۇن «شى» نى بايقاش، مەنىسى كۈنىمىزدىكى سىياسىيون ياكى ئىستىخبارات مۇتەخەسسىسىگە يېقىن كېلىدىغان «دانىشمەن» لەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

غەرب تەتقىقاتچىلىرى تېخى يېقىنقى يىللاردا ئاندىن «شى» ئۇقۇمىنى ئاڭقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئۇقۇم (غەربتە) تۇنجى قېتىم ھاۋاي ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پەلسەپە پەنلىرى پىروفېسسورى روگېر ئېيمىس (Roger Ames) بىر بۆلۈكىنى تەرجىمە قىلغان، خىتاينىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى سىياسىي باشقۇرۇشقا ئالاقىدار، ئاساسەن تونۇلمىغان كىتابى — «ھۆكۈمدارلىق سەنئىتى» دە كۆرۈلگەن. «ھۆكۈمدارلىق سەنئىتى»نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسى (19) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، فرانچويس جۇلىيىن (François Jullien) ئىسىملىك فىرانسىيەلىك تەتقىقاتچى ئىشنى روگېر ئېيمىس توختىغان يەردىن داۋاملاشتۇردى. جۇلىيىن «شى» نى خاس خىتايچە ئۇقۇم دەپ خاراكتېرلىگەن يەتتە پارچە كىتابى ئارقىلىق بۇ ئۇقۇمنى كىشىلەرگە تونۇتتى (20). جۇلىيىننىڭ بۇ ئەسەرلىرى سەۋەبلىك، سولچىل تەنقىدچىلەر ئۇنى «خىتاي مەدەنىيىتىگە يات مەدەنىيەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان ۋە شۇ ۋەجىدىن مەلۇم مەنىدە خىتاي مەدەنىيىتىنى تۆۋەن كۆرگەن» دەپ تەنقىدلەشكەنىدى. تەنقىدچىلەرنىڭ نەزىرىدە «شى» قانداقتۇر (خىتايغا) خاس نەرسە ئەمەس ئىدى (21).

ئەلۋەتتە، جۇلىيىننى قوللىغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي ھەربىيلىرى ئارىسىدا بۇ خىل قوللىغۇچىلار كۆرۈنەرلىك كۆپ ئىدى. «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى»دىكى يازغۇچىلار «شى» (势) ۋە خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە پەلسەپىسىنىڭ باشقا جەھەتلىرىنى ھەقىقەتەن خىتايغىلا خاس دەپ كېسىپ ئېيتىشاتتى.

مەن 1990 – يىللارنىڭ ئاخىرىدا «شى» ئۇقۇمىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماتېرىياللىرىدا تۇنجى قېتىم

1مارك تىۋىننىڭ ئەسىرىدىكى توم ساۋيېر دېگەن بۇ بالا ناھايىتى كەپسىز بولۇپ، بىر قېتىملىق بەڭۋاشلىقى تۈپەيلى، ھاممىسى جازا سۈپىتىدە ئۇنى قاشا تاملارنى سىرلاپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. توم ساۋيېر قاشا تامنى سىرلاۋاتقاندا، بىر دوستى كېلىپ ئۇنى مازاق قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما، توم ساۋيېر ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي: «بۇنداق ئىشنى قىلىش پۇرستى كۈندە كېلىۋەرمەيدۇ. ھامماملىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىشنى پەقەت مىڭ بالىدىن بىرەرسى، ھەتتا ئىككى مىڭ بالىدىن بىرەرسىلا قىلالايدىكەن» دەيدۇ (ئەمەلىيەتتە، ھاممىسى ئۇنداق دېگەن ئەمەس، بۇنى ئۇ ئۆزى توقۇپ چىققان). شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى دوستىنىڭ قاشا تامنى سىرلاپ باققۇسى كەپ كېتىدۇ، توم ساۋيېر باشتا ئۇنىمايدۇ، دوستى يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، قولىدىكى ئالمىسىنى ۋە ئويۇنچۇقىنى بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ قاشا تامنى سىرلىشىغا «پۇرسەت» بېرىدۇ، تەرجىماندىن.

كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ ئېنىق مەنىسىنى ۋە يوشۇرۇن مەنالىرىنى بىلمىسەممۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيە تەپەككۇرىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى دەرھال بايقىۋالغانىدىم. مەن روگېر ئېيمىس ۋە فرانچويس جۇللىيىن بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلارنىڭ «شى» ئۇقۇمى ھەققىدىكى بايقاشلىرى ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلىرى مېنىڭ «شى» ئىبارىسى تەكرار تىلغا ئېلىنىدىغان، خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئىستىخبارات دوكلاتلىرىدىكى مەخپىي ئۇچۇرلارنى قېزىپ چىقىشىمغا ياردەم قىلدى.

ئۇلار ماڭا «شى» ئۇقۇمىدا داۋجياۋ (道教) نىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرى بارلىقىنى ئېيتتى. داۋجياۋ ئۆز نۆۋىتىدە ھەم بىر دىن، ھەم بىر پەلسەپە سىستېمىسى بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قوزغاتقۇچ كۈچ، يەنى «道» بىلەن ماسلىقنى ساقلاپ ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ دىنىنىڭ تەرغىباتلىرىدا، «شى» نىڭ كۈچى ۋە قۇتۇپچانلىقى تۇيۇقسىزلا ئاستىن – ئۈستۈن بولۇپ كېتەلەيدۇ. خىتاينىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى يازغۇچىلار دائىم «شى» نىڭ باشقا يۆنىلىشلەرگە بۇرۇلۇپ كېتىشى، ھەتتا تۇيۇقسىزلا ئەسلى ھالىتىگە قارشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ نەزەرىيەدە، ئۆزگىرىشنى بالدۇر بايقاشنىڭ ۋە شۇ خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئامىللارنى كۆزىتىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى تەكىتلىنىدۇ.

ئېيمىس بىلەن جۇللىيىن ماڭا «شى» نىڭ ئېنگلىزچىدە (مەلۇم بىر خىل ۋەزىيەتنى «شەكىللەندۈرۈش» ياكى «يۈز بەرگۈزۈش» دېگەندەك نۇرغۇن خىل تەرجىمىلىرى بارلىقىنى ئېيتتى. باشقا تەرجىمانلار «شى» (势)نى پۇرسەتنى ياكى يۈزلىنىشنى يارىتىش دەپ تەرجىمە قىلغان. «شى» نىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئۇ خىتاي خەتتاتلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەشتە، خىتايدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى، خىتاي شېئىرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى مۆلچەرلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، جۇللىيىن بىلەن ئېيمىس يەنە ماڭا «شى» (势)نىڭ پەلسەپىدىكى «سېلىشتۇرغىلى بولماسلىق» (incommensurability) دەپ ئاتىلىدىغان ئۇقۇمنىڭ مىساللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يەنى بۇ بىر يۈرۈش ئۇقۇم سىستېمىسى بولۇپ، بۇنى ئۆز تىل(خىتايچە) مۇھىتىدىن ئايرىپ تۇرۇش چۈشىنىش بەسىي مۈشكۈل.

ماۋ زېدۇڭ «شى» سۆزىنى ئىشلىتىشكە ھېرىس ئىدى. ئۇنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيىسى ھەققىدىكى، ھېلىھەم ھەربىي ۋە پۇقراۋى مەكتەپلەردە ئوقۇتىلىدىغان داڭلىق ماقالىسىدا «شى» غا ئىلتىجا قىلىنغان. 1978-– يىلىدىن كېيىنكى خىتايچە ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى ئىستراتېگىيەچىلەر خىتاي رەھبەرلىرى 1950-، 1960 - يىللاردىكى خىتاي – سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى داۋامىدا «شى» نى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن دەپ قارايدۇ. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى بايقاپ قالغاچقا، خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخىمۇ كۆپ چەت ئەل مەبلىغى، سودا پۇرسىتى، ھەربىي تېخنىكا ياكى سىياسىي قوللاشقا ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە «شى» نى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنگەن خىتايلار 1978 ــ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكاغا قاراتقان يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىماسلىققا بەل باغلىغان.

شۇنىڭ ئورنىغا، خىتاي بىر ئامال قىلىپ ئامېرىكانى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چوڭ نىشانىنى ئامېرىكاغا تۇيدۇرمىغان ئاساستا، ئامېرىكانىڭ تېخنىكىسى، مەبلىغى، سىياسىي قوللىشىغا ئېرىشىدىغان، خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكا بازىرىغا كىرگۈزىدىغان يولنى تاپماقچى بولغان. بېيجىڭ ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنى ھۆكۈمەتنى خىتاي (تەھدىتى) ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، خىتاينى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم قىلدۇرىدىغان ئامالنى تېپىپ چىقتى. ئەينى چاغدا ك گ ب مۇ خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان غەرىزى ھەققىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلغانىدى (يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىيىنىغا، خىتاينىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلغانىدى، ت). بېيجىڭ ھەتتا ئامېرىكادىكى كونسېرۋاتىپلارنى خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە (1971- يىللىرى نىكسون دەۋرىدە ۋاقىتلىق ئىشقا ئاشقان) سوۋېت - ئامېرىكا ئارىسىدىكى يۇمشاق مۇناسىۋەتكە قارشى ئىتتىپاقداش، ھەتتا كوممۇنىستىك دۆلەتمۇ ئەمەس دەپ تونۇشقا رىغبەتلەندۈردى (22).

«شى» ۋە خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسى رەقىبىنىڭ ئۆزىنى قورشاۋغا ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،

ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ تاشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەقىبىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنى قورشاۋغا ئېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. خىتايچىدىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت، مەخسۇس ئىستراتېگىيىچىلەر ئۇچۇنلا ئىشلىتىلىدىغان سۆز «纵横家» (بۇ ئىبارىنىڭ خەت مەنىسى گورىزونتال – تىك مۇتەخەسسىسى دېگەنلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇشقان بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ئالاھىدە مەسلىھەتچىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ئىككى چوڭ ئىتتىپاققا ئالاقىدار ئۇقۇمدۇر. «گورىزىنتال» ئىتتىپاق خەرىتىدە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان رايوندىكى، كۈچلۈك چىن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ ھىمايىسى ۋە ھەمكارلىقىغا ئېرىشىشنى ئويلىغان بەگلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەقىبى بولمىش «تىك يۆنىلىش ئىتتىپاقى» كۈچىيىۋاتقان چىن بەگلىكىگە قارشى بىرلەشكەن، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان رايوندىكى نۇرغۇن بەگلىكلەردىن تەشكىللەنگەن. مەزكۇر ئىككى ئىتتىپاق ئون يىللار مابەينىدە بىر – بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قاتتىق – يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ تىركىشىشكەن. ئەڭ ئاخىرىدا، «گورىزىنتال» ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ «تىك يۆنىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ ئورنىنى ئېلىش غەرىزى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئارقىلىق كولدۇرلىتىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلارنى يەڭگەن. «گورىزىنتال» ئىتتىپاقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەزاسى ـ چىن بەگلىكى ئالدامچىلىق ئارقىلىق «تىك يۆنىلىش ئىتتىپاقى»نى پارچىلىغان ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى تارمار قىلغان. نۆۋەتتە، خىتاي (ھەربىي) يازغۇچىلىرى ئامېرىكانىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقداشلىق سېستىمىسىغا ـــ باشقا بىر ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئامېرىكاغا تۇيدۇرمىغان ھالدا ـــ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى پات – پاتلا تىلغا ئېلىۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ ئەڭ مەشھۇر ئويۇنلىرىدىن بىرى بولغان «قورشاۋ شاھمات» نىڭ تارىخى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى «گورىزونتال ـ تىك يۆنىلىش ئىتتىپاقلىرى» زامانىغا تۇتىشىدۇ. بۇ ئويۇندىكى مەقسەت غەرب شاھمىتىدىكىگە ئوخشاش دۈشمەننى بىۋاستە تارمار قىلىش ئەمەس. ئەكسىچە، قورشاۋ شاھماتتا ئىككى تەرەپ (ئاق – قارا) ئۇرۇقلارنى نۆۋەتلىشىپ تاختىغا قويۇپ، ئاخىرىدا قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقلىرىنى قورشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئويۇندا يېڭىشنىڭ ئاچقۇچى قارشى تەرەپنى مەغرۇرلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئۆزىڭىزنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەرپ قىلدۇرۇشتۇر.

قورشاۋ شاھماتتا يېڭىشنىڭ ئىككىنچى ئاچقۇچى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي (ئۇرۇق قويۇش) يۆنىلىشى ۋە نىيىتى توغرىسىدا قارشى تەرەپنى ئېزىقتۇرۇشتۇر. سىز بۇ ئويۇندا يېڭىش ئۈچۈن رەقىبىڭىزنى ئاستىرىتتىن قورشاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ئورۇنلارنى ئېچىپ، دۈشمىنىڭىزنىڭ سىزنىڭ ھەقىقىي تاكتىكىڭىزنى بايقاپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىشىڭىز كېرەك. قورشاۋ شاھماتتا ئويۇنچىلار ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى قانچىلىك دەرىجىدە قورشاپ بولغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، (بىرلا ۋاقىتتا) قورشاش ۋەزىيىتى ۋە قورشاشقا قارشى ۋەزىيەت شەكىللەندۇرىدۇ. ئويۇننىڭ نەتىجىسى كىمنىڭ قارشى تەرەپنىڭ رايونىنى كۆپرەك قورشىغانلىقىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ.

ئەگەر سىز ئالدامچىلىقنىڭ رەقىبىڭىزنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قورشاۋ شاھمات ئوينىغان ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالىسىڭىز، ئامېرىكانىڭ خىتاي تەرىپىدىن قانداق ئوينىتىلىۋاتقانلىقىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنەلەيسىز. ئامېرىكىلىقلار ئويۇننىڭ قائىدىسى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيدۇ.
كۆپچىلىكىمىز ئەزەلدىن «شى» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئويۇندا ئۇتتۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە، بىز ھەتتا ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خىتاينىڭ ئۈستۈن ئىستراتېگىيىسىدىن، شۇنداقلا مەن ۋە خىزمەتداشلىرىمغا ئوخشاش كىشىلەر شۇنچە ئۇزۇن يىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن خاتا چۈشەنچىدىن رەنجىسەك بولىدۇ.

ھېنرىي كىسسىنجېر ئۆزىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى كىتابىدا، خىتايلارنىڭ «شى» دىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بەش مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئۇرۇش ۋە كرىزىسقا مۇئامىلە قىلىش ئۇسلۇبىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «شى» نىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش كىسسىنجېرنىڭ خىتاي ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانى بايان قىلىنغان، «شى» تىلغا ئېلىنمىغان دەسلەپكى تۆت پارچە كىتابىغا ئوخشىمايدىغىنى (23)، ئۇنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىدە «شى» ئۇقۇمى تەكرار قەيت قىلىنىدۇ. كىسسىنجېر خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى «ئۇرۇشقا مايىل تەڭ مەۋجۇتلۇق» دەپ خاراكتېرلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق «شى» نىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى تەكىتلىگەن. «بۈگۈنگە قەدەر، ئامېرىكالىقلار <خىتايغا ئېچىۋېتىلىش>نى مۇقىم دوستلۇق شەرتى ئاساسىدىكى

يېتەكلەش دەپ قاراپ كەلدى. لېكىن، خىتاي رەھبەرلىرى ئىشلارنى ھەرىكەتچان ئېقىم ئىچىدە چۈشىنىدىغان «شى» ئۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە چوڭ بولغان... خىتايچە ئەسەرلەردە، ئامېرىكا سۆزلۈكلىرىدىكى قانۇنلۇق خەلقئارا تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان مۇقەددەس ئىبارىلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، (ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە) خىتاي مەلۇم بىر خىل <ئۇرۇشقا مايىل مەۋجۇتلۇق> ئارقىلىق ئەمىنلىك ۋە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئىبارىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئىبارىلەردە <ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇش> <تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش>قا ئوخشاشلا پەخىرلىنىش ئىلكىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئىشتۇر» (24).

كىسسىنگېر (Kissinger) خىتاينىڭ 1979 – يىلى ۋېيتنامغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ «شى» ئۇقۇمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ: «تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش بېيجىڭنىڭ سۇنزىنىڭ «شى» ئۇقۇمى ھەققىدىكى، يەنى ئىستراتېگىيەلىك ئەندىزىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە <يوشۇرۇن ئېنېرگىيەسى> ھەققىدىكى تەھلىلىدىن نەتىجىلەنگەن. دېڭ شياۋپىڭ (بۇ ئۇرۇشتا) ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستراتېگىيەسىنىڭ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان يۈزلىنىشىنى توختىتىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋېتىشنى نىشان قىلغان. خىتاي بۇ نىشانىنىڭ بىر قىسمىنى ھەربىي جاسارەتنى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى ئامېرىكانى ئۆزى بىلەن بولغان مىسلىسىز يېقىن ھەمكارلىققا <سۆرەپ> كىرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇردى» (25).

«شى» خىتاي ئىستراتېگىيىچىلىرىنىڭ مۇئەييەن ئەھۋالدا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق مۆلچەرلەيدىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن «شى» نىڭ يۈزلىنىشىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئۇلارنىڭ مۆلچەرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئەۋج ئالغاندىكىدەك مىقدار جەھەتتىن پىلانلىغۇچىغا تايىنىدۇ. خىتاينىڭ «شى» توغرىسىدىكى باھاسىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار «شى» ئاتالغۇسىنى ھەم تەھلىلچىلەر چوقۇم تەكشۈرۈشى كېرەك بولغان ئۆلچەم ئۇقۇمى سۈپىتىدە، ھەم قوماندانىنىڭ ياكى دۆلەت رەھبەرلىرىنى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى ۋە تىزگىنلىگىلى بولىدىغان نەرسە سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. (كىشىلەر ئارىسىدا) قەدىمكى خىتاي كۈلتۈرى ئومۇمەن كۆڭۈزى تەلىماتلىرى، شېئىرىيەت، خەتتاتلىق، خىتاي سەنئىتىدىن ئىبارەت دەيدىغان خاتا قاراش مەۋجۇت. بۇ خىل قاراش كىشىگە <قەدىمكىلەر تەھلىل ۋە ھېسابلاشقا قارىغاندا، ئىجادچانلىق ۋە پەلسەپىۋىلىك جەھەتتە كۈچلۈكرەك ئىدى> دەيدىغان تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئەمما، RAND شىركىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھېربېرت گولدھامېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، بەزى ئىستراتېگىيىچىلەر رەقىبلىرىگە ئۇلارنىڭ (ئۆزى بىلەن جەڭ قىلغان تەقدىردە) چوقۇم يېڭىلىدىغانلىقىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى يول قويۇشقا قايىل قىلالايدىكەنتۇق (26). مىقدار جەھەتتىن ئۆلچەش (سانلىق مەلۇمات) قەدىمكى خىتاي سىياسىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ۋە ھېلىھەم شۇنداق رولنى ئويناپ كەلمەكتە.

خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى مىقدار جەھەتتىن ئۆلچەش ئارقىلىق، خىتاينىڭ گېئوپولىتىك رىقابەتچىلىرى بىلەن قانداق بەسلىشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە يەنە قانچىلىك ۋاقىت بارلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەن خىتاينىڭ ھەربىي تەھلىلچىلىرى يازغان، قولغا چۈشۈرۈش قىيىن بىر كىتابتىن مۇشۇ خىل مىقدار جەھەتتىن ئۆلچەش نەتىجىلىرىنى ئوقۇغىنىمدا (27)، خىتاينىڭ خەلقئارا كۈچ ۋە دۆلەت تەرەققىياتىنى قانچىلىك ئىنچىكە ئۆلچىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى، بۇنىڭدا ھەربىي كۈچ دەرىجە جەھەتتە (ئارانلا) ئون پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەن سالماقنى ئىگىلەيتتى. بىر مەھەل دۇنيادىكى ئىككىنچى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتايلار ئۆزىنىڭ مۆلچەرلەش (تەھلىل) سىستېمىسىنى (ئەسلىدىكى ھەربىي ئىشلارغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈش ھالىتىدىن) ئىقتىسادنىڭ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ، تېخنىكىلىق ئىجادچانلىقنىڭ، تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بەكرەك تەكىتلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى. خىتاينىڭ ئۆز دۆلەت كۈچى ھەققىدىكى بۇ خىل مۆلچەرلىرىدە <نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئېشىش يۈزلىنىشى داۋاملاشسا، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلۇق ھالەتتىن بىر قۇتۇپلۇق تەرتىپكە قايتىدۇ> دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاي رەھبەرلىرى شۇ چاغدا خىتاينىڭ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچكە (يەنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان <بىر قۇتۇپ>قا) ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ ئاچقۇچى خىتاينىڭ «شى»

ئۇقۇمىدۇر. بېيجىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىدە دېگۈدەك بۇ ئۇقۇمدىن پايدىلىنىدۇ، شۇنداقلا توم ساۋېيرنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى تىزگىنلەپ، قاشا تامنى سىرلاتقۇزۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك، ئامېرىكىلىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) پايدىلىنىلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر.

***

خىتايلارنىڭ ھەربىي ئەسەرلىرىدە «شى» نىڭ ئۆرنىكى سۈپىتىدە ئەڭ كۆپ نەقىل قىلىنىدىغىنى مىلادى 208 - يىلى (ئۈچ پادىشاھلىق مەزگىلىدە) يۈز بەرگەن «قىزىل قىيا ئۇرۇشى» (赤壁之战) دۇر. بۇ ۋەقە خىتاينىڭ ئالدامچىلىقنى ئاساس قىلغان، دۈشمەننىڭ خاتا مۆلچەرىدىن پايدىلىنىدىغان بۇ ئىستراتېگىيىسىنى ناھايىتى مۇكەممەل نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. غەربتىكى سېرموپىلېي (Thermopylae)، كەنى (Cannae)، ئەجىنكورت (Agincourt) ياكى ۋاتېرلۇ (Waterloo) ئۇرۇشلىرىغا ئوخشاش، «قىزىل قىيا ئۇرۇشى» خىتاينىڭ ھەربىي تارىخى ۋە ئەنئەنىسىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر. تا بۈگۈنگىچە، مەزكۇر ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش ئالدامچىلىقلار خىتاينىڭ ھەربىي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ ۋە دەرسلىك كىتاب، رومانلاردا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ (29).

«قىزىل قىيا ئۇرۇشى»دا جەنۇبتىكى ئاجىزراق دۆلەت شىمالدىكى ئۆزىدىن كۈچلۈك دۆلەتكە قارشى ھىيلە ئىشلىتىدۇ، بۇ ئىككىلا دۆلەت پۈتۈن خىتاي زېمىنىنى تىزگىنلەش كويىدا ئىدى. ئۇرۇش باشلانغاندا، شىمالدىكى دۆلەتنىڭ قوماندانى ساۋساۋ بىر مىليوندىن ئارتۇق قوشۇننى دەريا بويىغا جايلاشتۇرغان. بۇ قوشۇننىڭ سانى قارشى قىرغاقتىكى جۇگېلىياڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ھالبۇكى، شىمالىي قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپى سۇ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ باقمىغان بولغاچقا، شىمالدىكىلەر جەنۇبتىكىلەر بىلەن سۇ يولىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالاشقان تۇنجى جەڭدە مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىلا تەرەپ خىلمۇخىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىشكەن. بۇ نەيرەڭلەرنىڭ ھەربىرى خىتاي تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەردە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە بايان قىلىنىدۇ.

بىر نەيرەڭدە، شىمالدىكى قوشۇننىڭ قوماندانى ساۋساۋ ئالدىنقى قېتىملىق مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان غەلىبىگە ئېرىشىش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ، جۇگېلىياڭنىڭ ئىتتىپاقدىشى جوۋيۈنىڭ بالا ئاغىنىسى ۋە ساۋاقدىشى جياڭگەن (蒋干) نى جەنۇبىي قوشۇننىڭ قوماندانىنى تەسلىم بولۇشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شىمالدىن كەلگەن بۇ ئەلچى جەنۇبىي قوشۇننىڭ بارىگاھىغا بارغاندا، ئۆزىنىڭ پەقەت كونا دوستى جوۋيۈنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، مەشھۇر نەيرەڭۋازلاردىن بولغان جوۋيۈ دوستىنىڭ يوشۇرۇن غەرىزىنى سېزىپ قالىدۇ. ئەلچىنىڭ ھىيلىسىگە ماسلاشقان جوۋيۈ ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىپ، شۇ زىياپەتتە ھاراقنى ناھايىتى كۆپ ئىچكەندەك كۆرۈنىدۇ. شۇ كېچىدە، ئۇ يەنە قاتتىق مەست ھالەتكە كىرىۋېلىپ، كونا «دوستى»نى ئۆزىنىڭ چېدىرىدە قوندۇرۇپ قالىدۇ. جوۋ يۈنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئەلچىنىڭ ئۆزىنىڭ «مەستلىكى»دىن پايدىلىنىپ، چېدىردا ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان يالغان «مەكتۇپ»نى كۆرۈشى ئۈچۈن ئىدى. بۇ يالغان «مەكتۇپ» شىمال قوشۇنىدىكى ئىككى نەپەر قابىل سۇ قوشۇنى سەركەردىسىنىڭ نامىدىن يېزىلغان بولۇپ، خەتتىن بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ ساۋساۋنىڭ قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان جاسۇسلاردىن ئىكەنلىكى بىلىنىشىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ئىش جوۋيۈنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ، ئەلچى (جوۋ يۈنىڭ <مەستلىكى>دىن پايدىلىنىپ) مەكتۇپنى بايقاپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئوغرىلاپ، دەرھال شىمالىي قوشۇننىڭ بارىگاھىغا قايتىدۇ. ساۋساۋ بۇ يالغان مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، بۇ ئىككى قابىل سەركەردىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي قوشۇن ئەسلىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ. جوۋ يۈ ۋە جۇگېلىياڭ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئوبدانلا ئوڭشىۋالىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئىش ۋەزىيەتتە يېڭى يۈزلىنىش ياكى «شى» شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

يەنە بىر نەيرەڭدە، جۇگېلىياڭ پاڭتوڭ ئىسىملىك مۇشاۋىردىن ساۋساۋنىڭ قوشۇنىنى قانداق مەغلۇپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ساۋساۋنى ئۆزىنىڭ ياغاچ كېمىلىرىنى بىر – بىرىگە چېتىشقا قايىل قىلىپ (چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بۇ كېمىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تېخىمۇ ئاسانغا توختايتتى)، شىمالىي قوشۇننىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قىسمى بولغان ياغاچ كېمە ئەترىتىنى پالەچلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر نەپەر يالغان «يۈز ئۆرۈگۈچى»

ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. پاڭتوڭنىڭ جەنۇبىي قوشۇنىنىڭ قوماندانىدىن يۈز ئۆرۈگەن قىياپەتتە يۇرۇشى بىلەن نەيرەڭ باشلىنىدۇ. پاڭتوڭنىڭ جەنۇبىي قوشۇنىدىن يۈز ئۆرۈگۈسى بارلىقىنى ئاڭلىغان بىر شىمال ئىشپىيونى ئۇنىڭ ساۋساۋنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. قەستەن ئېچىپ بېرىلىدىغان يوچۇق نەيرەڭنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

پاڭتوڭ مەست بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ساۋساۋنىڭ سۇ قوشۇنىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كېمىدە بېشى قايىدىغانلىقى سەۋەبلىك، (بولغۇسى جەڭلەردە) ئاسانلا مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى «دەۋېتىپ» قالىدۇ. دۈشمەنگە ئۇ ئەسلىدىنلا قورقۇپ تۇرغان ئىش ھەققىدە شەپە بېرىشمۇ نەيرەڭنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ساۋساۋ ئەسلىدىنلا قول ئاستىدىكى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ كېمىدە بېشى قايىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ساۋساۋ ھاماقەتلەرچە پاڭتوڭدىن بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سورايدۇ. پاڭتوڭ ھەر 30 ~ 40 كېمىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، بىر – بىرىگە تۆمۈر زەنجىر بىلەن چېتىش ئارقىلىق كېمىلەرنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاش، شۇنداقلا ھەر ئىككى كېمىنىڭ ئارىسىغا ياغاچ تاختا ئورنىتىپ، جەڭچىلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا ۋە كېمىدىن كېمىگە ئاسانلا ئۆتەلىشىگە قولايلىق يارىتىش «چارە»سىنى كۆرسىتىدۇ. ساۋساۋ بۇ نەيرەڭگە ئالدىنىپ، ئەخمەقلەرچە پاڭتوڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. (بۇ تەكلىپ بويىچە ئىش كۆرگەندە) ئەگەر ساۋساۋنىڭ كېمىلىرىدىن بىرىگە ئوت كېتىپ قالسا، پۈتۈن كېمە ئەترىتى ھالاك بولاتتى. بۇ ۋەقەدىن چىقىرىلىدىغان ئاخىرقى ساۋاق شۇكى، گاھىدا ئەقىل ئىشلىتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان رەقىبنى ئەڭ زور ئەۋزەللىكىنى سىزگە قارشى قوللانماسلىققا قايىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئەمدى، «قىزىل قىيا ئۇرۇشى»نىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. بىر ئىستراتېگىيە دەرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەنۇبىي قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ «شى» نى قانداق مۆلچەرلىشى بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتىدۇر. جۇگېلياڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا ھاۋارايىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، شەرق شامىلى چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. ئاقىللار «شى» نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايقىغان ھامان، ناھايىتى تېزلا ھەرىكەتكە ئۆتمىسە بولمايدۇ. جۇگېلياڭ ھۇجۇمنى شۇ كېچىدىلا باشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ كۈنى چىققان شامال ۋە كېمىلەرنى بىر – بىرىگە باغلاپ تۇرغان تۆمۈر زەنجىرنىڭ تۈرتكىسىدە، شىمالىي قوشۇنىنىڭ كېمىلىرى ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە كۆيۈپ تۈگەيدۇ. مۇستەبىت (ساۋساۋ) ھاقارەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ(30).قۇدرەتلىك سۇ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان مەغلۇپ قوماندان ساۋساۋ ئورمانىنىڭ ئىچى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ يولدا نەچچە قېتىم توختاپ، جۇگېلياڭنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت يارامسىزلىقىنى مازاق قىلىپ كۆرەڭلەرچە كۈلىدۇ. سۇنزىنىڭ «ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»دىكى <ئاجىز ۋاقتىڭدا كۈچلۈك كۆرۈن> دېگەن كۆرسەتمىنى ئېسىگە ئالغان ساۋساۋ دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ چوقۇم چوڭ يول بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ. شۇنداقلا، (كېمىلەرنى ھالاك قىلغان) ئوت ئۇنى ئۇ يولدىن مېڭىشتىن توسۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ساۋساۋ يەنە بىر قېتىم ئالدىنىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى نەيرەڭدە، خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىككى نەيرەڭۋاز كۈرىشىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. جۇگېلياڭ ساۋساۋنىڭ ئوي - خىيالىنى پەرەز قىلىپ، ئۆز قوشۇنىنى (ساۋساۋ ئويلىغاندەك) چوڭ يولغا ئەمەس، بەلكى ئىس – تۈتەكنىڭ ئاستىدىكى يولغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۆكتۈرمىنىڭ ھۇجۇمىدا ساۋساۋنىڭ پەقەت 300 لا لەشكىرى قالىدۇ، لېكىن ساۋساۋ بۇ قېتىممۇ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئاندىن ئۇ خەتەردىن قۇتۇلدۇم دەپ ئويلاپ، يەنە بىر قېتىم جۇگېلياڭنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىدەك ھاماقەتلىكىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە بىر بۆكتۈرمىگە دۇچ كېلىپ، تېخىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدۇ.

ئەنە شۇنداق بىر يۈرۈش نەيرەڭلەر (شۇ ۋاقىتتا) خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي كۈچكە ئىگە ساۋساۋنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئەقىللىق، قۇۋلۇقتا ئۇچىغا چىققان، پۇرسەتنى بايقاشنى ۋە ئۆز غەرىزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشنى بىلىدىغان بىرىگە (جۇگېلياڭغا) يېڭىلىدۇ.
«كىچىككىنە نەيرەڭ زور غەلىبىگە تۈرتكە بولالايدۇ» دېگەن بۇ چۈشەنچە خىتاي ھەربىيلىرى ئارىسىدىكى قاتتىق قول مىللەتچىلەر «قىزىل قىيا ئۇرۇشى» توغرىسىدا يازغان نۇرغۇن ئوبزورلاردا تەكرار كۆزگە چېلىقىدۇ.

*****

نۇرغۇن يازغۇچىلار جۇڭگىلىيالىڭ «قىزىل قىيا ئۇرۇشى»دا ئىشلەتكەن تاكتىكىلار ناھايىتى ئاقىلانە تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەپ باھا بېرىشىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلىگەن، ئاندىن نەيرەڭ ئىشلەتكەن، ئاندىن مەخسۇس قوشۇننى ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئاندىن دۈشمەننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىرى ئارىسىغا ئىختىلاپ ئۇرۇقىنى چاچقان، ئاندىن دۈشمەننىنى يېتىم قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق قۇرغان (31). بۇنىڭ ئەكسىدە، ساۋساۋ تەجرىبە – ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەي، ئۆزى باشلىغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان. ئىككى نەپەر داڭلىق خىتاي ھەربىي يازغۇچىسى «قىزىل قىيا ئۇرۇشى»نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ۋەزىيەت يۈزلىنىشى ئۆزگىچە پايدىلىق بولغانغا قەدەر «كۈتۈش ۋە كۆزىتىش» ئىستراتېگىيىسى قوللىنىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ (32). يەنە بىر يازغۇچى مۇۋاپىق پەيتنى، يەنى دۈشمەن ئىچكى سۈركىلىش سەۋەبلىك ئۆز – ئۆزىنى ھالاك قىلىپ، رەقىبىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەتنى ھازىرلىغان پەيتنى تېپىشتا، ئىشپىيونلۇقنىڭ ياردىمى بولغانلىقىنى يازىدۇ (33).

بۈگۈنكى ئامېرىكالىقلارغا نىسبەتەن، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ساۋاقلاردىن بىرى شۇ بولۇشى كېرەككى، بىز خىتايغا ئالدىنىپ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ئىستراتېگىيىنى قوللىنىۋاتىمىز. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە تەپەككۇرىدا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى تاكتىكىلار نوقۇل خىتايغىلا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالمايدۇ. بىزنىڭ ئۆزۈمىزدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن <خىتايدىكى قاتتىق قوللار ئاجىز، ئۇلار قوشۇمچە ئېقىم> دېگەن قارىشىمىز مەسىلىنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. خىتاي ئامېرىكانىڭ ئۆزىنىڭ ئاتامانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان جېدەلخور مۇستەبىتكە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتكەندە، بۇنىڭ خەتەرلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، خىتايدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسى»نى، دېموكراتىيەنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئۈرۈنغاندا، خىتاي «ئامېرىكالىقلار زادى نېمە قىلماقچى؟» دەپ تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. بەلكىم خىتايدىكى بەزى مۆتىدىللەر ۋە ئىسلاھاتچىلار ئامېرىكانىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىشى مۇمكىن. ئەمما، خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكانىڭ «ھىيلە – نەيرىڭى»دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم

( ئەسەرنىڭ 3-بابى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)

## CHAPTER 2: WARRING STATES

1.Henry Kissinger, Does America Need a Foreign Policy? (New York: Simon & Schuster, 2001), 137.

2.I use the term Warring States more broadly than some Sinologists to include the earlier period known as the Spring Autumn era. Instead of dividing in half the five centuries from 771 BC to 221 BC, I use the term Warring States to refer to the entire five hundred years of interstate struggles. The era began with the collapse of the power of the king of the Zhou dynasty. He was defeated and killed in 771 BC by an alliance of his own lords and non-Chinese peoples. He and his predecessors, dating back to 1000 BC, had ruled with real power. After this defeat of 771 BC, the capital city was moved and the king’s descendants were virtually powerless. The world of interstate struggles began with competition and warfare enduring until a new king, calling himself the first emperor, unified these Warring States in 221 BC. Most Sinologists divide this period from 771 BC to 221 BC into two periods. In both periods, the ceremonial king was too weak to impose his will. Sometimes he at least attended interstate conferences or sent his envoy. The so-called hegemon had the most power and ruled. The hegemon system evolved into a struggle among the seven major states, who formed contending coalitions and no longer selected a single hegemon. The period from 475 BC to 221 BC is commonly called Warring States.

The distinction is a bit artificial. The names of the two periods do not seem to have been in use at the time, but were created later by historians. For more on the Warring States period, see Ralph Sawyer, The Tao of Deception: Unorthodox Warfare in Historic and Modern China (New York: Basic Books, 2007), especially chapter 2, “Spring and Autumn Precursors,” and chapter 4, “Warring States Commanders.” Sawyer states on p. 447, n. 34, that “an English language history of the Warring States remains to be written.” See also Ralph Sawyer, The Tao of Spycraft: Intelligence Theory and Practice in Traditional China (Boulder, CO: Westview Press, 2004), chapter 3, “The Warring States Period”; James Irving Crump, Legends of the Warring States: Persuasions, Romances, and Stories from Chan-kuo Ts’e (Ann Arbor, MI: Center for Chinese Studies, 1998); William H. Mott and Jae Chang Kim, The Philosophy of Chinese Military Culture: Shih vs. Li (New York: Palgrave Macmillan, 2006); Yuri Pines, Envisioning Eternal Empire: Chinese Political Thought of the Warring States Period (Honolulu: University of Hawaii Press, 2009); and William A. Callahan and Elena Barabantseva, eds., China Orders the World: Normative Soft Power and Foreign Policy (Baltimore, MD: The Johns Hopkins University Press, 2012).

3.Lionel M. Jensen, Manufacturing Confucianism: Chinese Traditions and Universal Civilization (Durham, NC: Duke University Press, 1997), is an excellent guide by a Western scholar who discovered these fabrications.

4.Cited in Pillsbury, China Debates the Future Security Environment, prologue.

5.Salisbury, New Emperors, and Ross Terrill, The New Chinese Empire: And What It Means for the United States (New York: Basic Books, 2003).

6.Kissinger, On China, 211.

7.Wu Chunqiu, On Grand Strategy (Beijing: Current Affairs Press, 2000).

For additional information on the Chinese military’s involvement in civilian strategic planning, see Evan A.

8.Feigenbaum, China’s Techno-Warriors: National Security and Strategic Competition from the Nuclear to the Information Age (Stanford: Stanford University Press, 2003).

9.Yang Bosun, Chunqiu Zuozhuan zhu, 2nd ed., Zhongguo Gudian Mingzhu Yizhu Congshu (Beijing: Zhonghua Press, 1990). There are slightly different translations in Wai-yee Li, The Readability of the Past in Early Chinese Historiography, Harvard East Asian Monographs, 253 and 300 (Cambridge, MA, 2007); David Schaberg, A Patterned Past: Form and Thought in Early Chinese Historiography, Harvard East Asian Monographs 205 (Cambridge, MA, 2001), 60; and James Legge, “The Ch’un Ts’ew with the Tso Chuen,” in The Chinese Classics, 2nd ed. (Oxford: Clarendon, 1895), V, 293.

10.Although it’s true that the size of the private sector has increased in China, the role of the private sector has slowed, and there is consensus among Chinese leaders to maintain control of all strategic economic sectors and of foreign trade policy. In particular, Chinese scholars and officials devote special attention to the control of currency, in part because each of the Warring States had its own currency and used it to conduct what amounted to economic warfare against the others.

11.Indeed, the intelligence services are ordered to make economic growth their highest priority. William C. Hannas, James Mulvenon, and Anna B. Puglisi, Chinese Industrial Espionage: Technology Acquisition and Military Modernisation (New York: Routledge, 2013). For background on Chinese intelligence, see Jeffrey T. Richelson, Foreign Intelligence Organizations (Cambridge, MA: Ballinger, 1988), chapter 9; Patrick E. Tyler, “Cloak and Dragon: There Is No Chinese James Bond. So Far,” New York Times, March 23, 1997, available at http://www.nytimes.com/1997/03/23/weekinreview/there-is- no-chinese-james-bond-so-far.html; Lo Ping, “Secrets About CPC Spies—Tens of Thousands of Them Scattered over 170-Odd Cities Worldwide,” Cheng Ming, January 1, 1997 (U.S. Foreign Broadcast Information Service [FBIS] Daily Reports, CHI-97-016, January 1, 1997); Tan Po, “Spy Headquarters Behind the Shrubs—Supplement to ‘Secrets About CPC Spies,’” Cheng Ming, March 1, 1997 (FBIS Daily Reports, CHI-97-047, March 1, 1997); Peter Mattis, “China’s Misunderstood Spies,” Diplomat, October 31, 2011, available at http://thediplomat.com/2011/10/chinas-misunderstood-spies/; and David Wise, Tiger Trap: America’s Secret Spy War with China (Boston: Houghton Mifflin Harcourt, 2011).

12.David C. Gompert and Phillip C. Saunders, The Paradox of Power: Sino-American Strategic Restraint in an Age of Vulnerability (Washington, DC: National Defense University, 2012), 169

13.For background on the cost of Chinese missiles, see Gompert and Saunders, Paradox of Power, 81, 106. As the Washington Post editorial board notes, “China strives to be a regional superpower, not a global one, at least for now. It has put an emphasis on developing advanced weapons systems that could deliver what the United States calls ‘anti-access/area denial,’ meaning to deter adversaries from areas that China claims—or to expel them. Thus, China is investing in weapons such as long-range cruise missiles and an antiship ballistic missile designed to hit an aircraft carrier. Such investments pose asymmetric threats to the United States and its allies. Andrew S. Erickson of the Naval War College presented estimates to the U.S.-China Economic and Security Review Commission in January that China could build some 1,227 of the antiship missiles for what it costs the United States to build a single Ford-class aircraft carrier. It might take just one missile to kill a carrier.” “Beijing’s Breakneck Defense Spending Poses a Challenge to the US,” editorial, Washington Post, March 12, 2014, available at http://www.washingtonpost.com/opinions/beijings-breakneck-defense-spending-poses-a-challenge- to-the-us/2014/03/12/359fc444-a899-11e3-8d62-419db477a0e6_story.html. See also Andrew S. Erickson, Testimony before the U.S.-China Economic and Security Review Commission Hearing on China’s Military Modernization and its Implications for the United States, January 30, 2014, available at http://www.uscc.gov/sites/default/files/Andrew%20Erickson_testimony1.30.14.pdf; and Henry Hendrix, At What Cost a Carrier? (Washington, DC: Center for a New American Security, March 2013), 8, http://www.cnas.org/files/documents/publications/CNAS%20Carrier_Hendrix_FINAL.pdf.

14.For more on the U.S. embargo of China, see Shu Guang Zhang, Economic Cold War: America’s Embargo against China and the Sino-Soviet Alliance, 1949–1963 (Washington, DC: Woodrow Wilson Center Press; Stanford, CA: Stanford University Press, 2001).

15.Pillsbury, China Debates the Future Security Environment, 300.

16.As a Chinese handbook called The Science of Military Strategy says, “Strategic thought is always formed on the basis of certain historical and national cultural tradition, and formulation and performance of strategy by strategists are always controlled and driven by certain cultural ideology and historical cultural complex.” Thomas G. Mahnken, “Secrecy & Stratagem: Understanding Chinese Strategic Culture,” Lowy Institute for International Policy, February 2011, 3, available at http://www.lowyinstitute.org/files/pubfiles/Mahnken,_Secrecy_and_stratagem.pdf.

17.David Lai, “Learning from the Stones: A Go Approach to Mastering China’s Strategic Concept, Shi,” U.S. Army War College Strategic Studies Institute (May 1, 2004), available at http://www.strategicstudiesinstitute.army.mil/pubs/display.cfm?pubID=378.

18.Quoted in ibid., 2.

19.Roger T. Ames, The Art of Rulership (Albany: State University of New York Press, 1994).

20.François Jullien, The Propensity of Things: Toward a History of Efficacy in China, trans. Janet Lloyd (New York: Zone Books, 1999); François Jullien, A Treatise on Efficacy: Between Western and Chinese Thinking, trans. Janet Lloyd (Honolulu: University of Hawaii Press, 2004); François Jullien, The Great Image Has No Form, or On the Nonobject through Painting, trans. Jane Marie Todd (University of Chicago Press, 2009); François Jullien, The Impossible Nude: Chinese Art and Western Aesthetics, trans. Maev de la Guardia (University of Chicago Press, 2000); François Jullien, The Silent Transformations, trans. Krzysztof Fijalkowski and Michael Richardson (New York: Seagull Books, 2011); François Jullien, Detour and Access: Strategies of Meaning in China and Greece, trans. Sophie Hawkes (New York: Zone Books, 2000); and François Jullien, In Praise of Blandness, trans. Paula M. Varsano (New York: Zone Books, 2004).

21.As one critic has said of Jullien’s work in general, “his books easily lead readers to develop a too strong notion of cultural otherness, thereby glorifying a long-gone literati culture and, rather naturally, developing a certain contempt for the Chinese present.” Kai Marchal, “François Jullien and the Hazards of ‘Chinese’ Reality,” Warp, Weft, and Way, September 27, 2012, available at http://warpweftandway.com/2012/09/27/francois-jullien-and-the-hazards-of-chinese-reality/.

22.For example, China invited the U.S. senator Henry Jackson to visit Beijing in 1976. For more on Senator Jackson, see Robert G. Kaufman, Henry M. Jackson: A Life in Politics (Seattle: University of Washington Press, 2000).

23.Henry Kissinger, Diplomacy (New York: Simon & Schuster, 1994); Henry Kissinger, White House Years (New York: Little, Brown, 1979); Henry Kissinger, Years of Renewal (New York: Touchstone, 1999); and Henry Kissinger, Years of Upheaval (London: Weidenfeld & Nicolson, 1982).

24.Kissinger, On China, 235.

25. Ibid., 371.

26.Pillsbury, China Debates the Future Security Environment, xxxvii.

27.Ibid., chapters 6 and 22.

28.Kimberly Besio and Constantine Tung, eds., Three Kingdoms and Chinese Culture (Albany: State University of New York Press, 2007); John J. Tkacik, "A Spirit-Visit to an Ancient Land," Wall Street Journal, February 28, 2014, available at http://online.wsj.com/news/articles/SB20001424052702303775504579397221926892100.

29.According to Chinese authors, the southern commander's victory at Red Cliff was due to four factors in the southern coalition's assessment of shi: avoid anxiety and confusion about superficial phenomena; a coalition is needed to strike the main enemy; strike the enemy first and by surprise; and attack the enemy's weakest point. Zhang Tieniu and Gao Xiaoxing, Zhongguo gudai haijun shi [Chinese Ancient Naval History] (Beijing: Ba yi chubanshe, 1993), 46, 47. An Academy of Military Science author
emphasizes that the victors at Red Cliff applied the strategy of "wait and see" until propensity was favorable. Yue Shuiyu and Liang Jingmin, Sun Zi bingfa Yu Gao Jishu Ahanzheng [Sun Zi's Art of War and High Technology Warfare] (Beijing: Guofang daxue chubanshe, 1998), 122.

30.One author summarized the northern commander's defeat as "faulty strategy," especially "failing to transform your disadvantages into advantages when dealing with a superior enemy … [he] was suspicious of the people who he should have trusted, and trusted the people that should have been suspect. He was arrogant." Yu Xuebin, Shuo San Guo, Hua Ren Sheng: "Sanguo Yanyi" Fengyun Renwu Bai Yin Qianshuo [A Discussion on the Lives of the Main Characters in the Three Kingdoms: An Elementary Introduction to the Reasons the Main Characters Were Defeated in "The Romance of the Three Kingdoms"] (Beijing: Jiefangjun chubanshe, 1996), 247–48. Other authors stress the tragedy of the battle's outcome. The northern commander "could have been one of the outstanding military strategists in our nation's history." Pu Yinghua and Hua Mingliang, Yunchou Weiwo—Zhuge Liang Bingfa [Devise Strategies Within a Command Tent—Zhuge Liang's Art of War] (Beijing: Wuzi chubanshe, 1996), 47.

31."A single deception can cause a vast defeat." Central Television Station Military Department and the Navy Political Department Propaganda Department, Sanshiliu Ji Gujin Tan [Ancient and Modern Discussions on the Thirty-Six Deceptions] (Jinan: Huanghe chubanshe, 1995), 166. This belief is echoed in much of the PLA commentary on the Battle of Red Cliff. Several authors stress that the technique of sowing political discord is the key factor in the southern commander's victory at Red Cliff. Mao Zhenfa, Tian Xuan, Peng Xunhou, Moulue Jia [Strategists] (Beijing: Lantian chubanshe, 1993), 119. Several Chinese authors believe that the formation of the southern coalition was crucial to victory. Zhang Feng, Zhongguo Lidai Canmouzhang [Chiefs of Staff in Past Chinese Dynasties] (Beijing: Kunlun chubanshe, 1999), 180. "Red Cliff occurred one year after the strategic planning conference at Grand Central Village. That was the first step in implementing the coalition strategy which made possible the transformation of the inferior southern side to defeat the hegemon." Ren Yuan, Zhisheng Bijian-Zhuge Liang De Chengbai Deshi [Getting the Upper Hand Must Be Examined: Zhuge Liang's Successes and Failures] (Changan: Xibei daxue chubanshe, 1997), 58. Similarly, another PLA author emphasizes that without the formation of the southern coalition, there would have been no defeat of a superior power. Li Zhisun, Zhongguo Lidai Zhanzheng Gailan [An Outline of Warfare in Past Chinese Dynasties] (Beijing: Junshi kexue chubanshe, 1994), 108.

32.Yue Shuiyu and Liang Jingmin, Sun Zi Bingfa Yu Gao Jishu Zhanzheng, 122.

33.Central Television Station Military Department and the Navy Political Department Propaganda Department, Sanshiliu Ji Gujin Tan, 174–75.



# مېنىڭ ئوقۇتۇش ئەقىدەم

جون دىۋېي

جون دۇۋېي ( 1859- 1952) ئامېرىكالىق پەيلاسوپ، پسىخلوگ، ۋە دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن مائارىپ ئىسلاھاتچىسى. ئۇنىڭ ئىدىيلىرى نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائى ئىسلاھاتلارغا سەۋەپ بولغان.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بارچە مائارىپ شەخسىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىڭىغا (social consciousness) قاتنىششى ئارقىلىق داۋاملىشىدۇ. بۇ جەريان ئومۇمەن شەخسىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاڭسىز رەۋىشتە باشلىنىدۇ. مائارىپ توختاۋسىز ھالدا شەخسىنىڭ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئېڭىنى ئۆستۈرىدۇ، ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئىدىيىسىنى تاۋلايدۇ ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئويغۇتىدۇ. شەخس بۇ خىل ئاڭسىز مائارىپ (unconscious education) ئارقىلىق ئىنسانىيەت قولغا كەلتۈرگەن ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي بايلىقلارغا بارغانچە قاتنىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيەت كاپىتالىنىڭ مىراسخورىغا ئايلىنىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ رەسمىي ۋە مەخسۇس مائارىپ بۇ خىل ئومۇمىي مائارىپ جەريانىدىن ئايرىلالمايدۇ. مائارىپ پەقەتلا مۇئەييەن يۆنىلىش بويىچە بۇ جەريانىنى تەشكىللەيدۇ ياكى پەرقلەندۈرىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەقىقىي مائارىپ بالا ئۆزىنى بايقاپ چىقالايدىغان ئىجتىمائىي ئەھۋالنىڭ ( social situation) تەلەپلىرى ئارقىلىق بالىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ غىدىقلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ خىل تەلەپلەر ئۇنى بىر كوللېكتىپنىڭ ئەزاسىدەك ھەرىكەت قىلىشقا، ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان قىلمىش ۋە ھېس- تۇيغۇنىڭ تار رامكىسىدىن چىقىپ كېتىشكە، ئۆزى تەۋە توپنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ھېس قىلىشقا ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.بالا باشقىلارنىڭ ئۆز قىلمىشىغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئارقىلىق، بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ قىممىتى مۇشۇ ئىجتىمائىي مەنىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بالا ئۆز گۇڭگۇرىشىغا نىسبەتەن باشقىلارنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى ئارقىلىق، بارا-بارا بۇ خىل گۇڭگۇراشنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇ خىل گۇڭگۇراشلار بارا-بارا بوغۇملىرى ئېنىق بولغان تىلغا ئايلىنىدۇ. بالا بۇ ئارقىلىق تىلغا يۇكلەنگەن باي ئۇقۇم ۋە ھېس- تۇيغۇلارغا يېتەكلىنىدۇ.

مەن بۇ خىل مائارىپ جەريانىنىڭ پسىخىكىلىق جەريان ۋە ئىجتىمائىي جەرياندىن ئىبارەت ئىككى جەھەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بۇ ئىككى جەھەتنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن بولالمايدۇ، ياكى بۇلاردىن قايسى بىرىگە سەل قارالمايدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن پسىخىكىلىق ئامىل ئاساس خاراكتېرلىكتۇر. بالىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى بارچە مائارىپنى خام ماتېرىيال ۋە باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەگەر تەربىيىلىگۈچىنىڭ تىرىشچانلىقى بالىنىڭ تەشەببۇسكار ۋە مۇستەقىل ھالدا شۇغۇللىنىدىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالمىسا، ئۇ ھالدا تەربىيىلىگۈچى تاشقى جەھەتتىن بېسىم ئىشلەتكۈچى ۋە مەجبۇرلىغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكى مائارىپنىڭ ئەلۋەتتە بەزى يۈزەكى ئۈنۈملىرى كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەقىقىي رەۋىشتىكى مائارىپ دەپ ئاتالمايدۇ. بۇ ۋەجىدىن، شەخسنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە قىلمىشى ھەققىدە چوڭقۇر



تونۇشقا ئىگە بولمىغان مائارىپ جەريانى پىلانسىزلىق ۋە دوگمىلىقنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ. بۇ خىل مائارىپ ئەگەر بالىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىردەك چىقىپ قالسا، ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بۇ خىل مائارىپ بىر بولسا بالىنىڭ تەبىئىتى بىلەن سۈركىلىش ھاسىل قىلىدۇ، ياكى بولمىسا بالىنىڭ تەبىئىتىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋەياكى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىجتىمائىي شەرتلەرگە ۋە مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا ئائىت بىلىم بالىنىڭ قابىلىيىتىنى توغرا تونۇپ يېتىشتىكى شەرتتۇر. بالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قابىلىيىتى ۋە مايىللىقى بولىدۇ. بىز بۇ خىل قابىلىيەت ۋە مايىللىقنى بالىغا ماس ھالدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلاندۇرالمىغىنىمىزدا، ئۇلاردىكى قابىلىيەت ۋە مايىللىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. بىز ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە مايىللىقنى ئۆتمۈشتىكى جەمئىيەتكە ئېلىپ بارالاشمىز ۋە بۇلارغا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرىكىتىنىڭ مىراسى سۈپىتىدە قارىيالىشىمىز كېرەك. بىز يەنە بالىلاردىكى قابىلىيەت ۋە مايىللىقنى كەلگۈسىگە ئېلىپ بارالاشقا ماھىر بولۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىكى قابىلىيەت ۋە مايىللىقنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىغا نەزەر سالالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، بالىنىڭ گۆدەكلىكىدىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارى ۋە سۆزلىشىش ئىقتىدارىنى بايقاپ چىقىشىمىز، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ مۇشۇ خىل ئىقتىدارىغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپنىڭ پسىخولوگىيىلىك تەرىپى بىلەن ئىجتىمائىي تەرىپى جانلىق ھالدا بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتچانلىقتا ئىگە. شۇنداقلا، مائارىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۆرەسسە دەپ قارالماسلىقى، ياكى ھەر قايسى بىر تەرەپ يەنە بىرىدىن ئۈستۈن دەپ قارالماسلىقى كېرەك. بەزىلەر مائارىپنىڭ پسىخىكىلىق جەھەتتىكى ئېنىقلىمىسى پۇچەكلىككە ۋە شەكلىيلىككە ئىگە، مائارىپ بىزگە پەقەتلا روھىي كۈچىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇقۇمنى ئاتا قىلىدۇ، ھالبۇكى، بىزگە بۇ كۈچىمىزنى قايسى جەھەتلەردە ئىشلىتىشىمىزنى دەپ بەرمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى كىشىلەر مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئېنىقلىمىسى مائارىپنى مەجبۇرىي، سىرتتىن كەلگەن جەريان شەكلىدەك كۆرسىتىپ، ئاقىۋەتتە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھالەتكە تەۋە قىلىپ قويىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر مائارىپنىڭ ئىككى تەرىپى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىلىپ، بىر بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇلسا يۇقىرىدىكى قارشى تۇرۇشلارنىڭ ھەر بىرى توغرا بولغان بولىدۇ. ئىنساننىڭ روھىي كۈچىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەقسىدى، ئىشلىتىش ئورنى ۋە فۇنكسىيىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ. بىراق، بىز شەخسنى ئىجتىمائىي جەريان داۋامىدا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان مەۋجۇتلۇق دەپ چۈشەنمىگۈچە، بۇ خىل كۈچلەرنى تونۇپ يېتىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىمىز. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن، بېكىتىلىپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا بىز پەقەتلا بالىنى ئۇنىڭدا بار بولغان بارچە كۈچلەرگە ئىگە قىلالىغان چېغىمىزدىلا، بالىغا ھەقىقىي رەۋىشتە توغرا مۇئامىلە قىلغان بولىمىز.

دېموكراتىيە ۋە زامانىۋى سانائەت شەرتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سەۋەبلىك، يىگىرمە يىل كېيىنكى مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلمەيمىز. شۇ ۋەجىدىن، بالىنى كەلگۈسىدىكى مۇئەييەن بىر خىل ھالەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرىشىمىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بالىنى كەلگۈسى تۇرمۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇرۇش بالىنى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان قىلىشتىن، بالىنى ئۆزىدىكى بارچە ئىقتىدارنى تولۇق رەۋىشتە ۋە خالىغان چاغدا ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ مەشقلەندۈرۈشتىن، بالىنىڭ كۆز، قۇلاق ۋە قوللىرىنى ھەر قانداق پەيتتە بالىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغان ئەسۋابلاردىن قىلىپ مەشقلەندۈرۈشتىن، بالىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىتقتىدارىنىڭ ئۇ چوقۇم ئۈنۈمىنى جارىي قىلدۇرۇشى كېرەك بولغان ئىجتىمائىي شەرتنى چۈشىنەلىشىدىن، بالىنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز شەخسنىڭ كۈچىگە، ھەۋىسىگە ۋە قىزىقىشىغا ئىنچىل ھالەتتە دىققەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرمىغۇچە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز مائارىپنى توختاۋسىز رەۋىشتە قايتىدىن پسىخولوگىيىلىك ئۇقۇم قىلىپ چىقمىغۇچە، بۇ خىل مەدەنىيەت ماسلىشىشىغا يېتىشىمىز مۇمكىنسىز بولۇپ قالىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشقا ئېھتىياجلىق شەخس بىر ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق بولۇپ، جەمئىيەت دېگەن نۇرغۇنلىغان شەخسلەرنىڭ جانلىق رەۋىشتە بىرىكىشى ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بىز بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارنى ئېلىپ تاشلىساق، قېلىپ قالىدىغىنى پەقەتلا بىر ئابستراكىت جىسىم بولىدۇ. ناۋادا بىز جەمئىيەتتىكى شەخس ئامىلىنى

ئېلىپ تاشلىساق، ئۇ ھالدا قېلىپ قالىدىغىنى روھسىز، ھاياتى كۈچى يوق كوللېكتىپ بولىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، مائارىپ چوقۇم پسىخلوگىيە جەھەتتىن بالىنىڭ ئىقتىدار، قىزىقىش ۋە ھەرىكەت شەكلىگە بولغان تونۇشىشىدىن باشلىنىشى كېرەك. مائارىپنى ئىدارە قىلىشتىمۇ چوقۇم پسىخلوگىيەنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تونۇشىنى ئويلىشىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئىزچىل ھالدا بۇ خىل كۈچ، قىزىقىش ۋە ھەرىكەت شەكلىنى ئۈچۈق ئىزاھلىشىمىز، چوقۇم بۇلارنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم ئۇلارنى (يەنى كۈچ، قىزىقىش ۋە ھەرىكەت شەكلىنى) ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىپ ھالدىكى ئىجتىمائىي جىسىملارنىڭ ئاتالغۇسىغا ئايلاندۇرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ ئاتالغۇلار ئۇلارنىڭ ئورتاق گەۋدە ئىچىدىكى مۇلازىمىتى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارغا يوشۇرۇنغان مەنانى ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ.

## ئىككىنچى مەزمۇن: مەكتەپ دېگەن نېمە؟

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ ئاساسلىقى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتتۇر. مائارىپ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي جەرياندۇر. شۇ ۋەجىدىن، مەكتەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنى ئىنسانىيەت مىراسخورلۇق قىلىپ كەلگەن مەنبە ۋە بايلىقلارنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا ئورتاقلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى ئىشلىتىشكە پايدىلىق بارچە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھايات شەكلىگە مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭلاشقا مەن شۇنداق قارايمەنكى، مائارىپ كەلگۈسى ھايات ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش بولماستىن، ھازىرقى ھاياتنىڭ بىر تۈرلۈك جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ چوقۇم بۈگۈنكى ھاياتنى ــــ بەئەينى بالىلارنىڭ ئۆيىدە، مەھەللىسىدە ۋە تەنھەرىكەت مەيدانىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشاش، ھەقىقىي قاينام-تاشقىنلىققا چۆككەن ھاياتنى ــ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر تۈرلۈك ھايات شەكىللىرىسىز، ياكى ئاشۇ ئەسلىدىنلا ياشاشقا ئەرزىيدىغان ھايات شەكىللىرىسىز ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان مائارىپ پەقەتلا ھەقىقىي رېئاللىق كەمچىل بولغان ئورۇنباسار نەرسە بولۇپ، بۇنداق مائارىپ چەكلىمىلىككە ۋە ئۆلۈكلۈككە ئىگە مائارىپتۇر.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ بىر قۇرۇم ياكى مۇئەسسەسە بولۇش سۈپىتى بىلەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىر تۈرلۈك «ئۆزى ئىخچام ئەمما مەزمۇنى كەڭرى» مودېل شەكلىگە كىچىكلىتەلىشى كېرەك. رېئال تۇرمۇش شۇ دەرىجىدە مۇرەككەپكى، بالا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلىشى ۋە ئۇ سەۋەبلىك گاڭگىراشقا چۈشۈپ قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بالا بىر بولسا جەمئىيەتتىكى كۆپ خىل جەريان ۋە پائالىيەتلەر تەرىپىدىن تۇنجۇقۇپ قېلىش سەۋەبلىك، مۇۋاپىق ھالدىكى ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ياكى ھەر خىل-ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشى ۋە ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۆز ئىقتىدارىنى مۇددەتتىن بۇرۇن جارىي قىلدۇرىدۇ ۋە ياكى جەمئىيەت بىلەن بىردەكلىكنى يوقىتىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ ھاياتى بىر تۈرلۈك ئاددىيلاشتۇرۇلغان جەمئىيەت ھاياتى بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ چىققان بولۇشى، بالىنىڭ ئائىلىدىكى چېغىدا پىششىق بولۇپ كەتكەن ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە داۋاملاشتۇرغان بولۇشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ بۇ پائالىيەتلەنى بالىغا كۆرسىتىشى ، شۇنداقلا ئىپادىلەش شەكلى بۇ پائالىيەتلەرنى قايتا نامايان قىلىشى، شۇ ئارقىلىق بالىغا بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مەنىسىنى بارا-بارا چۈشەندۈرۈشى، شۇنداقلا بۇ پائالىيەتلەرگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقۇزالايدىغان بولۇشى كېرەك.
مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ بىر تۈرلۈك پسىخىكىلىق زۆرۈرىيەت. چۈنكى، مائارىپ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئىزچىللىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىكى بىردىنبىر چارە. ئۇ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە ئارقا كۆرۈنۈشنى مەكتەپ ئۆگەتكەن يېڭى ئۇقۇملارغا يۆكلەشتىكى بىردىنبىر يولدۇر. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇ يەنە بىر ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت. چۈنكى، ئائىلە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، بالا ئائىلىدە بېقىلىشتىن ۋە ئەخلاقىي تەربىيىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەت قارىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كۈنىمىزدىكى مائارىپنىڭ كۆپۈنچە ئەھۋالدا مەغلۇب بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر خىل شەكلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي پرىنسىپقا سەل قاراشتىن بولغان. بۈگۈنكى مائارىپ مەكتەپنى مەلۇم ئۇچۇرلارنى تارقىتىدىغان، مەلۇم دەرسلەرنى ئۆگىتىدىغان، ياكى مەلۇم ئىش-ھەرىكەتلەرنى يېتىلدۈرىدىغان سورۇن قىلىپ قويىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى يىراق كەلگۈسىدە دەپ قارالغاچقا، بالىنىڭ كەلگۈسىدە مەكتەپ سىرتىدا باشقا ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن، بالىلاردىن بۇ ئىشلارنى چوقۇم قىلىشى تەلەپ قىلىندى. مەكتەپتە قىلىنغىنى دەل بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش بولۇپ قالغاچقا، بۇ نەرسىلەر ھېچقاچان بالىنىڭ ھايات تەجرىبىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنالمايدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي تەربىيلەش رولىغا ئىگە بولالمايدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەخلاق تەربىيىسى (moral

education) مەكتەپنى بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۈرمۇش شەكلى دەپ قاراشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئەخلاق تەربىيىسى كىشىلەر خىزمەت ۋە ئىدىيەدىكى ئورتاق ھەرىكەتتە باشقىلار بىلەن ئۆيغۇن ئۇسلۇبتا مۇئامىلە ئورناتقاندا ھېس قىلىنىدۇ ۋە باشتىن كەچۈرۈلىدۇ. كۈنىمىزدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى بۇ نۇقتىنى نابۇت قىلدى ياكى بۇنىڭغا سەل قارىدى، بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي رەۋىشتىكى ھەرىكەت ئارقىلىق تەربىيىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى ياكى ئۇنى مۇمكىنسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بالا ئۆزى تەۋە بولغان ئورتاق گەۋدىدىكى ئىش-ھەرىكەتلەر ئارقىلىق غىدىقلىنىشى، باشقۇرۇلۇشى ۋە كونترول قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى شارائىتىمىزدا بەكمۇ نۇرغۇنلىغان غىدىقلاش ۋە كونترول قىلىش ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى، مەكتەپنىڭ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۈرمۇش شەكلى ئىكەنلىكىگە بۈگۈنكى مائارىپنىڭ سەل قارىغانلىقىدىن بولغان. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى ۋە خىزمىتىمۇ ئوخشاش ئاساسلار ئارقىلىق ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا مۇئەييەن ئۇقۇملارنى يەتكۈزىدىغان، ياكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇئەييەن ئادەت ۋە ھەرىكەت شەكلىنى شەكىللەندۈرۈشكە مەجبۇرلايدىغان مەۋجۇتلۇق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئورتاق گەۋدىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىنى تەربىيىلەش رولىنىڭ تەسىرىنى تاللىشى، ھەمدە بالىلارنىڭ بۇ تەسىرلەرگە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرالىشىغا ياردەم بېرەلىشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپتىكى مەشقلەر ھەرگىزمۇ بىۋاسىتە ھالدا ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن ئەمەس، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدىكى مەكتەپ ھاياتىنى چەقش قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا ئۆزىنىڭ نىسبەتەن كۆپراق تەجرىبىسىگە ۋە نىسبەتەن پىشقان قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمۇش تەربىيىسىگە ئېرىشتۈرەلىشىنى قارار قىلىشتىن ئىبارەت.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپلارغا تەقسىم قىلىنىشى ۋە سىنىپ ئاتلىشى دېگەندەكلەرگە ئائىت بارلىق مەسىلىلىرى ھەممە كىشىلەرگە ئورتاق بولغان ئۆلچەم ئاساسىدا قارار قىلىنىشى كېرەك. ئىمتىھان پەقەتلا ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى سىناشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا، ئىمتىھان ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى خىل سورۇنلاردا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى، قايسى خىل سورۇنلاردا ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

## ئۈچىنچى مەزمۇن: مائارىپنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۇشى ئۇنىڭ بارچە ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ ياكى بۆلارنىڭ بىرىكمىسىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىجتىمائىي تۈرمۇش ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بىردەكلىككە، ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى ۋە نەتىجىسىنى بىر تۈرلۈك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرى چوقۇم ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئاڭسىز بىردەكلىكنىڭ تەدرىجى پەرقلىرىگە تامغا باسقان بولۇشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ناۋادا بىز توساتتىن ئوقۇغۇچىغا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئوقۇشلۇق، يېزىقچىلىق ۋە مۇناسىۋەتسىز جۇغراپىيە قاتارلىق تارماق دەرسلىكلەرنى ئۆگەتسەك، ئۇنداقتا بالىنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە زىت ئىش قىلغان، ھەتتا ئەڭ ياخشى نەزەرىيۋى ئۈنۈمنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەن بولىمىز. بۇ سەۋەبلىك، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش تۈرلىرىنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغىنى ئىلىم-پەنمۇ، ئەدەبىياتمۇ، تارىخ ياكى جۇغراپىيەمۇ بولماستىن، بالىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتتىن ئىبارەت.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن ياكى ئاتالمىش تەبىئەت تەتقىقاتى بىلەن بىردەكلىك ئىزدىسە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلغان تەبىئەت ئەسلىدىنلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەمەس. تەبىئەت دېگەن ۋاقىت ۋە بوشلۇقتىن ئىبارەت بىر قاتار ئوخشاش بولمىغان جىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئەتنى ئەسلىدىنلا خىزمەت مەركىزى قىلىشقا ئورۇنلۇش مەركىزىي پىرىنسىپ بىلەن ئەمەس، تارقاق پىرىنسىپ بىلەن تەمىنلەش بولۇپ قالىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي كەچۈرمىشنىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. ئۇ سەرگۈزەشتىدىن بۇرۇن ئەمەس، كېيىن ئاپىرىدە بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئەدەبىيات دەرسلىكلەرنىڭ ئورتاق ئاساسى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تارىخ ئۆزى تەمىنلىگەن ئىجتىمائىي تۈرمۇش ۋە ئۇسۇپ يېتىلىشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تەربىيىلەش قىممىتىگە

ئىگە پەن. تارىخ چوقۇم ئىجتىمائىي تۈرمۈش مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر كونترول قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر تارىخقا ئاددىي هالدا تارىخ سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىنسا، ئۇ هالدا تارىخ ئۇزاق ئۆتمۈشكە غەرق بولۇپ ئۆلۈك، جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تارىخنى پەقەتلا ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن بايانى سۈپىتىدە كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بىراق، مەن شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىمەنكى، باللار پەقەت ئوخشاش ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بىۋاستە ئېلىپ كىرىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلاردا بۇ خىل چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۈپ ئاساسى باللارنىڭ كۆچىگە باغلىق. بۇ كۆچلەر زامانىۋى مەدەنىيەت ئۆلىنى سالغان ئوخشاش قۇرۇش خاراكتېرلىك لېنىيەنى بويلاپ ئېچىلغان ۋە تەرەققىي قىلغان.
مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغۇچىغا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تونۇتىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل ئۇنى مەدەنىيەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسى خاراكتېرلىك ئىش-پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئاتالمىش بايان خاراكتېرلىك ياكى قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىش-پائالىيەتلەر ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشى كېرەك.
مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ مەكتەپتىكى تاماق ئېتىش، تىككۈچىلىك قىلىش، قول ئىشى مەشقى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىش-پائالىيەتلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى باشقا كۆپلىگەن دەرس تۈرلىرىدىن سىرت قوشۇلغان بىر قىسىم كۆڭۈل ئېچىش، تەڭپۇڭلۇق، ھەددىدىن ئارتۇق ئۆگىنىش ياكى مەخسۇس ماھارەت ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي شەكلىگە تېخىمۇ بەك ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل ئىش-پائالىيەتلەر ۋاستىسى ئارقىلىق باللارنى تېخىمۇ رەسمىي ھالدىكى دەرسلەرگە ئېلىپ كىرگىلى بولىدۇ. بۇ مۇمكىن بولىدىغان، شۇنداقلا ئىنتىلىشكە ئەرزىيدىغان ئەھۋال.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، زامانىۋى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل ماتېرىياللار ۋە ئۇسۇللارنى قارار قىلىشنى نامايەن قىلغانلا تەقدىردە، تەبىئىي پەن تەتقىقاتىمۇ تەربىيىلەش قىممىتىگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دەۋرىمىزدىكى تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقتىن بىرى، ماتېرىياللارنىڭ بىر بولسا ساپ ھالدىكى ئوبيېكتىپ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، ياكى ئۇنى يېڭىچە، ئالاھىدە تەجرىبە ماتېرىيالى سۈپىتىدە كۆرۈشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ئىلىم-

پەننىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ بىزگە بۇگۈنگىچە بولغان تەجرىبىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ. بىز ئۇنى تامامەن يېڭى دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ ئۈستى-ئۈستىلەپ كىرگۈزۈلۈشى سۈپىتىدە كۆرمەستىن، بەلكى باللارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈرۈش دەپ كۆرۈشىمىز، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ ئاسان، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا تەجرىبىلەرنى كونترول قىلىشتىكى قورال سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز ئەدەبىيات ۋە تىل دەرسلىكلىرىدىن ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارنى چىقىرىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئەدەبىيات ۋە تىل دەرسلىكلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەرەپلەر قولدىن كەتتى. مائارىپقا ئائىت ئەسەرلەردە، تىل ئومۇمەن دېگۈدەك ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىشى سۈپىتىدە كۆرۈلدى. تىل ئەلۋەتتە بىر تۈرلۈك لوگىكىلىق قورال، ئەمما، ئەڭ ئاساسلىقى، ئەڭ مۇھىمى، تىل بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي قورالدۇر. تىل بىر تۈرلۈك ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئۆز ئىدىيىسى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئورتاقلىشىشىدىكى قورالدۇر. ناۋادا تىل پەقەتلا ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋاستىسى قىلىۋېلىنسا، ياكى ئۆگىنىلىپ بولغان بىلىملەرنى ئىپادىلەشتىكى قورال قىلىۋېلىنسا، ئۇ ھالدا تىل ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غەرەز ۋە مەقسىدىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، غايىمىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدە ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىپى مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك. (يەنى مەلۇم پەن مۇھىم، مەلۇم پەنلەر مۇھىم ئەمەس دېيىلمەسلىكى كېرەك. - ت) ئەگەر مائارىپ تۇرمۇش بولغان تەقدىردە، بارچە تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىلىم-پەنگە ئائىت بىر تەرىپى، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت بىر تەرىپى ۋە ئۆز-ئارا باردى-كەلدىگە ئائىت يەنە بىر تەرىپى بولغان بولىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ئوقۇغۇچى بۇ يىلدا پۈتۈن دىققىتىنى ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىققا، كېلەر يىلدا پۈتۈن دىققىتىنى ئەدەبىياتقا ياكى تەبىئىي پەنگە قارىتىشى كېرەك بولىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى دەرسلىكلەرنىڭ تەرتىپىگە باغلىق بولماستىن، ئەكسىچە تەجرىبىنىڭ يېڭىچە پوزىتسىيىسىگە ۋە قىزىقىشىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق.

ئاخىرىدا، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپنى جەزمەن تەجرىبىنىڭ توختاۋسىز ھالدا ئۆزگەرتىلىشى دەپ چۈشىنىش كېرەك. مائارىپ جەريانى ۋە مەقسىدى تامامەن ئوخشاش بىر نەرسە.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر مائارىپتىن باشقا بىر مەقسەدنى تىكلەش كېرەك بولسا، مەسىلەن، مائارىپقا بىر نىشان ۋە ئۆلچەم بېرىلسە، بۇ ھالدا تەربىيىلەش جەريانىدىكى

مەنە تارتىۋېلىنىدۇ. شۇنداقلا، بىز باللارغا مۇئامىلە قىلغاندا سىرتقى، ساختا غىدىقلاشلارغا تايىنىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## تۆتىنچى مەزمۇن: مېتود خاراكتېرى

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مېتود مەسىلىسى ئەڭ ئاخىرىدا بالىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قىزىقىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى تەرتىپ مەسىلىسىگە يىغىنچاقلىنىدۇ. دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پىرىنسىپ چوقۇم بالىنىڭ مىجەزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تۆۋەندىكى بايانلار مائارىپتا داۋام قىلىدىغان روھنى بەلگىلەشتە تولىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ:

1. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغۇچىنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ جەھەت پاسسىپ جەھەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؛ ئىپادىلەش ئاڭلىق تەسىرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؛ مۇسكۇللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى سەزگۈ ئەزالارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؛ ھەرىكەت ئاڭلىق ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاڭ ماھىيەت جەھەتتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ياكى قوزغاتقۇچ كۈچتۇر. ئاڭلىق ھالەت دائىملا ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ پىرىنسىپلارغا كۆڭۈلسىمەسلىك مەكتەپ خىزمىتىدىكى كۆپ قىسىم ۋاقىت ۋە زېھنىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوقۇغۇچى ئۆزىنى پاسسىپ، قوبۇل قىلىنىشچان ياكى سۈمۈرۈشچان ھالەتكە قويۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز خاراكتېرى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ، نەتىجىدە قارشىلىق كۈچى ۋە ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىدىيەلەر (ئەقلىي ۋە ئىدراكىي جەريانلار) ئوخشاشلا ھەرىكەت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىدىيەنىڭ مەقسىدى ھەرىكەتنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت. بىز ئىدراك دەپ ئاتاۋاتقان نەرسە ئاساسلىقى تەرتىپلىك ياكى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت نىزامىدىن ئىبارەت. ھەرىكەت ئۇسۇلى توغرىسىدا تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارماستىن،  چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ نۆۋەتتە بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىزدىكى ئاساسى خاتالىقلاردىن بىرىدۇر. نەتىجىدە، بىز دوگما بەلگىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا سۇندۇق. بەلگىلەر ئەقلىي تەرەققىياتتىكى زۆرۈر ئامىللاردۇر. بىراق، ئۇلار پەقەت زېھىننى خوراتماسلىق ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان قوراللاردۇر. ئۇلار ئەسلىدە يەنىلا سىرتتىن زورلاپ تېڭىلغان، قىلچە مەنىسى يوق، دوگما ئۇقۇملاردۇر
.
2. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوبراز ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان نەرسىلەردىن ئېرىشىدىغىنى، ئۇنىڭدىكى شۇ نەرسىلەرگە نىسبەتەن شەكىللەنگەن ئوبرازدىن ئىبارەت.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر بىز نۆۋەتتە باللارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن سەپ قىلغان زېھنىمىزنىڭ توقسان پىرسەنتىنى باللارنىڭ ئۇيغۇن رەۋىشتە ئوبراز يارىتىۋاتقان ياكى ياراتمايۋاتقانلىقىغا قارىتىدىغان بولساق، ئۆگىنىش خىزمىتى ئىنتايىن ئاسانلاپ كەتكەن بولاتتى. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز نۆۋەتتىكى دەرس تەييارلىقى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە سەرپ قىلغان نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىمىزنى تېخىمۇ ئاقىلانە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئوقۇغۇچىنى ئوبراز يارىتىش ئىقتىدارى جەھەتتىن مەشىقلەندۈرۈشكە سەرپ قىلالايمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ داۋاملىق تۈردە تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۇچراشقان ئوخشىمىغان جىسىملاردىن شەكىللەندۈرەلەيدىغان روشەن، جانلىق ۋە كېڭىيىشچانلىققا ئىگە ئوبراز يارىتىشىغا دىققەت قىلالايمىز.

3. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، قىزىقىش كۈنسېرى تەرەققىي قىلىدىغان كۈچنىڭ سىگنالى ۋە سىمۋولىدۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، قىزىقىش ئۆسۈپ يېتىلىش ئىچىدىكى قابىلىيەتلەرنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشىنى ئىزچىل ھالدا دىققەت بىلەن كۆزىتىش ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بەكمۇ مۇھىم.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كۆزىتىش تەلەپ قىلىنغان بۇ قىزىقىشلار بالىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قايسى باسقۇچقا يەتكىنىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىنىڭ كىرىشمەكچى بولغان ئاشۇ تەرەققىيات باسقۇچىدىن سىگنال بېرىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، چوڭلار بالىنىڭ قىزىقىشىغا ھېسداشلىق قىلغان ئاساستا ئۇلارنى ئىزچىل تۈردە كۆزەتكەندىلا ئاندىن باللارنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىشەلەيدۇ، شۇندىلا بالىنىڭ نېمىگە تەييارلىقى بارلىقىنى، قانداق ماتېرىيال ئىشلەتسە ئەڭ ئاسان بولىدىغىنىنى ۋە بۇ خىل تەييارلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ قانداق قىلغاندا ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا تەرەققىي قىدىغانلىقىنى  بىلىپ يېتەلەيدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قىزىقىشلار ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلمەسلىكى، شۇنداقلا چەكلەپمۇ قويۇلماسلىقى كېرەك. باللارنىڭ قىزىقىشىنى چەكلەش باللارنىڭ ئورنىنى چوڭلارنىڭ ئېلىشى بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئەقلىي جەھەتتىكى قىزىقسىنىشنى ۋە سەزگۈرلۈكنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئىجاتچانلىقنى بوغۇپ، قىزىقىشنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ. قىزىقىشنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ۋاقىتلىق بەڭباشلىقنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پىلاننىڭ ئورنىنى ئېلىشى دېمەكتۇر. قىزىقىش دائىملا يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان بىر تۈركۈم كۈچنىڭ سىگنالىدۇر. بۇ ۋەجىدىن، مۇھىم بولغىنى بۇ خىل كۈچنى بايقاشتىن ئىبارەت. قىزىقىشنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ





بىرىشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا ئۆز بېشىمچىلىق ۋە غەلىتە ئوي-خىياللارنىڭ ھەقىقىي قىزىقىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى بولۇپ تۇگەللىنىدۇ.

ئاخىرىدا، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھېس-تۇيغۇ ئىش-ھەرىكەتكە قايتۇرۇلغان ئىنكاستۇر. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھېس-تۇيغۇنى غىدىقلاش ياكى قوزغىتىشتا ئۇيغۇن ھەرىكەت قوللىنىلمىغاندا، بۇ ھال بىر تۇرلۇك ساغلام بولمىغان، كېسەل روھىي ھالەتنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز پەقەتلا ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئىش-ھەرىكەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى توغرا ئادەتنى تىكلىيەلىسەك، ھېس-تۇيغۇ ئۆز-ئۆزىنى چەكلىيەلەيدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۆلۇكلۇك، گومۇشلۇق، شەكىلۋازلىق (formalism) ۋە دورامچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مائارىپىمىزغا كۆڭۇلسىزلىك (sentimentalism) دىنمۇ بەكراق تەھدىت سالىدىغان نەرسە يوق.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ خىل كۆڭۇلسىزلىك ھېس-تۇيغۇنى ئىش-ھەرىكەتتىن ئايرىۋېتىشكە ئورۇنۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

## بەشىنچى مەزمۇن: مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسلىق چارىسىدۇر.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، نوقۇل ھالدا قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى ياكى مۇئەييەن جازالاش، قورقۇتۇش تەدبىرلىرىنى تۇزۇش ياكى سىرتقى، مېخانىك ئىسلاھاتقىلا تايىنىش ۋاقىتلىق چارە بولۇپ، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى ئورتاقلىشىش جەريانىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا، بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭنى ئاساس قىلغان شەخس پائالىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك يولىدۇر.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ خىل ئۇقۇم ئۆز نۆۋىتىدە ھەم شەخسنىڭ غايىسىگە، ھەم ئىجتىمائىي غايىگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ شەخسىيلىكى شۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇكى، ئۇ مۇئەييەن خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆڭۇلدىكىدەك ھاياتنىڭ بىردىنبىر رېئال ئاساسى دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ئىپادىسى شۇكى، ئۇ بۇ خىل توغرا خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى نوقۇل ھالدا شەخسىي ۋەز – نەسىھەت، ئۇلگە كۆرسىتىش ياكى قايىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن شەكىلدىكى تۇزۇم تۇرمۇشى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ شەخسكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، دەپ قارايدۇ، چۇنكى (بۇ قاراشقا كۆرە) جەمئىيەت ئورگانىزمى ئۆزىنىڭ قورالى بولغان مەكتەپ ئارقىلىق ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كۆڭۇلدىكىدەك مەكتەپتە شەخسىي غايە بىلەن ئىجتىمائىي غايە ئۆزئارا كېلىشىش ھالىتىدە بولۇشى كېرەك.

شۇ ۋەجىدىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا بولغان مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىدۇر. جەمئىيەت قانۇن، جازا، تەشۋىقات ۋە مۇھاكىمە ئارقىلىق، ئازدۇر – كۆپتۇر تاسادىپىيلىق ئارىلاشقان بىر رەۋىشتە ئۆزىنى تەڭشەيدۇ ۋە شەكىللەندۇرىدۇ. لېكىن، مائارىپ ئارقىلىق، جەمئىيەت ئۆز مۇددىئاسىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ۋاستە ۋە بايلىقلىرىنى سېستىمىلاشتۇرالايدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ئېنىق ۋە ئۇنۇملۇك ھالدا، ئۆزى ئارزۇ قىلغان يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جەمئىيەت ئاشۇ يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەش مۇمكىنچىلىكىنى ۋە مۇشۇ خىل مۇمكىنچىلىكلەر ئۆزىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلغان ھامان، مائارىپچىنىڭ ئۆزى ئىگە بولغان ۋاقىت، زېھىن ۋە پۇل قاتارلىق بايلىقلارنى خالىغانچە ئىشلىتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مائارىپ ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان ھەربىر كىشى مەكتەپ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي ۋە ئۇنۇملۇك قورالى دېگەن تونۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق مەكتەپنىڭ مۇھىملىقىنى جەمئىيەتكە بىلدۇرۇشى، شۇنداقلا مائارىپچىنى زۆرۈر ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ئىمكان ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇشبۇ تەسەۋۋۇردىكىدەك مائارىپ ئىلىم – پەن ۋە سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت تەجرىبىلىرىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولغان ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ زىچ بىرىكىشىنىڭ نامايەندىسىدۇر. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرلۇك ئىقتىدارىنى شەكىللەندۇرىدىغان ۋە بۇلارنى جەمئىيەت ئىشلىرى ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلدۇرىدىغان بۇنداق سەنئەت ئەڭ يۇكسەك سەنئەتتۇر؛ مۇشۇ خىل سەنئەتنى تاماملىيالايدىغان ئادەم ئەڭ ئۇستا سەنئەتكاردۇر؛ بۇ خىل جەمئىيەت ئىشلىرىغا نىسبەتەن، مەيلى بايقاش ئىقتىدارى، مەيلى كۆزىتىش ئىقتىدارى، مەيلى پاراسەت ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەرگىزمۇ ناھايىتى ئۇستۇنلۇكى سەۋەبلىك جارى



بولالماي قالمايدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى بىزنىڭ شەخسنى مۇۋاپىق تەشكىللەش توغرىسىدىكى بىلىمىمىزنى ئاشۇردى؛ بارلىق ئىلىم – پەن مەنبەلىرىنى مائارىپنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىلىم – پەن بىلەن سەنئەت مۇشۇ شەكىلدە قول تۇتۇشسا، ئىنسانىيەت ئەڭ كۈچلۈك
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلھام بۇلاقلىرى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىدۇ؛ ئىنسان ماھىيىتى قادىر بولغان ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوقۇتقۇچى نوقۇل ھالدا شەخسلەرنى تەربىيەلەۋاتقان بولماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توغرا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىمۇ شەكىللەندۈرۈۋاتقان بولىدۇ.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەر تۇپى ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلغان جەمئىيەت خىزمەتچىسىدۇر.

**1897-يىلى 1-ئاي**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

http://www.dewey.pragmatism.org/creed.htm



# خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟

دوكتور مەممەت ئىمىن

بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ھەر خىل شەكىلدە ئاتاپ كەلدۇق. بەزىلىرىمىز ئۇنى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دېسەك، بەزىلىرىمىز ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېدۇق.

يەنە بەزىلىرىمىز ئۇنى ھەم ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ھەم مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دېيىشتۇق. بەزىلىرىمىز ۋەتەندىكى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىنى 21- ئەسىردىكى ناتسىست كامپىلىرىغا ئوخشاتساق، يەنە بەزىلىرىمىز بۇلارنى ئۆلۈم لاگېرى دېيىشتۇق.

بەزىلىرىمىز ھەتتا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۈستى ئوچۇق تۈرمە دەپ تەسۋىرلەشتۇق. ئۇنىڭغا ماس ھالدا خەلقئارادىكى ھەر خىل تاراتقۇلار، بولۇپمۇ غەرب تاراتقۇلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، بۇ ھەقتە كۆپلەپ خەۋەر ۋە دوكلاتلارنى ئېلان قىلدى. ھەتتا بەزى غەرب دۆلەتلىرىدىكى پارلامېنتلاردا ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردا، بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، باياناتلار ئېلان قىلىندى. بىراق، ناھايىتى ئەپسۇس، ھازىرغا قەدەر ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرنى ئېغىر دەرىجىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تەسۋىرلىشىمىزگە قارىماي، ھېچ بىر ھۆكۈمەت ياكى خەلقئارالىق تەشكىلات ئۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئەمەلىي تەدبىرمۇ قوللانمىدى.

ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ۋەتىنىمىزدە زادى ئېغىر دەرىجىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەردىمۇ يوق؟ ئەگەر يۈز بەرگەن بولسا، ئەجەبا بىز ئۇنى توغرا رەۋىشتە ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە ئاڭلىتالىدۇقمۇ يوق؟ غەرب ئىستىخبارات ئورۇنلىرى ھازىرقى ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۈچۈر ئىگىلىيەلمەيدۇ؟ نېمىشقا بۇ جەھەتتە قولغا چىققىدەك ئېنىق دەلىل - ئىسپاتىمىز يوق؟ گەرچە نەچچە مىليون خەلقىمىزنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، بىراق ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن باشقا، بەشىنچى ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا ئوخشاش قان تۆكۈلگەنلىك ھەققىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ئەجەبا خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقەتەن بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى شۇنداق مەخپىي تۇتۇۋاتامدۇ؟ ياكى ۋەتىنىمىزدە بىز دەۋاتقاندىكىدەك ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەرمىگەنىمىدۇ؟

ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ۋەتىنىمىزدە زادى نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتىنىمىزدە زادى نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ئەگەر بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە قىلىۋاتقان قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنى توغرا بىلەلىسەك، دەۋانىڭ ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا ۋە بەزى پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە زور ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن.

بىز هازىرغا قەدەر خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ قاتتىق سىياسەتلىرىنى چوڭ جەھەتتىن خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» پىلانىغا باغلاپ، خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ بىزنى يوقىتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ كەلدۇق. گەرچە بۇ قاراشنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بولسىمۇ، بىراق بىز خىتاي هۆكۈمىتى نۆۋەتتە ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ يەتمىش يىلدىن بېرى، هەتتا 1911- يىلى خىتايلار هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن بۇيان خەلقىمىزگە ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان، بىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى بۇرمىلاپ ياكى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ مېڭە يۇيۇش سىياستى ئارقىلىق خەلقىمىزنى نادان قالدۇرۇپ، بىزنى ئۆزىگە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن مۇتلەق بويسۇندۇرۇپ، بىزنى ئۆزىگە بېقىندى، هەتتا قۇل قىلىش مەقسىتىگە يېتىش سىياستىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

بىر مىللەتنى يوق قىلىش روھىي جەھەتتىن يوق قىلىش (مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى) بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن يوق قىلىش (ئىرقىي قىرغىنچىلىق)تىن ئىبارەت ئىككى خىل يوقىتىش (قىرغىنچىلىق)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مىللەتنى روھىي جەھەتتىن يوق قىلىش دېگىنىمىز، ئۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرىشىدىكى جەۋھەرنى يوق قىلىشتۇر. بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇشىدا ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تىل - يېزىقى، تارىخى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆزگىچە كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرى ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، بىراق بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ جەۋھىرى بولغان مىللىي روھ يوقالسا، قالغانلىرى بەك ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى، تارىخى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆزگىچە كىيىم -كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ يوقۇلىشى، گەرچە بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتسىمۇ، بىراق مىللىي روھ يوقىمايدىكەن، ئۇ مىللەت هامان مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. يەھۇدىيلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، ئۇلار مىللەتكە تەئەللۇق نۇرغۇن نەرسىلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ، بىراق مىللىي روھىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىن، يوقاتقان تەۋەرۈكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى دۇنيادىكى كۈچلۈك بىر مىللەتكە ئايلاندى.

بىر مىللەتنى جىسمانىي جەھەتتىن يوق قىلىش دېگىنىمىز، ئۇ مىللەتنى قىرىپ تۈگىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر مىللەتنى يوق قىلىشتىكى ئەڭ رەزىل ئۇسۇلدۇر. چۈنكى، بىر مىللەتنى قىرىپ تۈگىتىشكە ئۇرۇنۇش، ئۇنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، ئېغىر دەرىجىدە مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش، (قىرغىن قىلىنغۇچى مىللەتتىكى) مىللىي روھنى كۈچەيتىش، دۇنيا جامائىتىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاش، باشقا دۆلەتلەرنى بۇ ئىشقا قول تىقىشقا مەجبۇرلاش قاتارلىق (قىرغىن قىلغۇچى دۆلەتكە زىيانلىق) نۇرغۇنلىغان چاتما ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر مىللەتنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىرغىنچىلىق قىلغان دۆلەتنى ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش قەدىمىنى تېزلەشتۇرىدۇ. يەنى، بىر هاكىمىيەت بىر مىللەتنى كونترول قىلىشقا كۈچى يەتمىگەندە ياكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بارغاندا، ئاندىن ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ مىللەتنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ مىللەتنى روھىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىپ، ئۆز مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ ياكى ئۇ مىللەتتىن مەنپەت ئېلىشقا تىرىشىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمانلارنىڭ يەھۇدىيلارغا، ياپونلۇقلارنىڭ خىتايلارغا قوللانغان سىياستىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەيلى گېرمانلارنىڭ جازا لاگېرلاردىكى يەھۇدىلارغا يۈرگۈزگەن سىياستى بولسۇن، ياكى ياپونلۇقلارنىڭ تۇتقۇن قىلغان خىتاي ئەسىرلەرگە يۈرگۈزگەن سىياستى بولسۇن، ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا، ئەسىرلەرنى قىرغىن قىلماي، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان. مەسىلەن، گېرمانلار جازا لاگېرلىرىدىكى ياكى ناتسىست كامپلاردىكى يەھۇدىلارغا نىسبەتەن مېڭە يۇيۇش سىياستىنى قوللۇنۇپ، ئادەتتىكى يەھۇدىلارنى جىسمانىي ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئىشلەتكەن ۋە ئۇلاردا هەر خىل تەجرىبە، سىناقلارنى ئېلىپ بارغان بولسا،

بىلىم ئەھلى بولغان يەھۇدىلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا مەجبۇرلىغان. ياپونلۇقلارمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە تۇتقۇن قىلىغان خىتاي ئەسىرلەرنى ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئىشلەتكەن، ئۇلارنى تۆمۈر يول ياساشقا سالغان، قىزلىرىنى ياپون ئەسكەرلىرگە خوتۇن قىلىپ بەرگەن. ئەسىرلەرنى نۇرغۇنلىغان تىببىي تەتقىقات ۋە تەجرىبە – سىناقلاردا تەجرىبە ئوبېكتى قىلىپ ئىشلەتكەن. پەقەت ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا كۆزى يەتكەن گېرمان ناتسىستلىرى ۋە ياپونىيە تۇتقۇنلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلغان.

ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە كەلسەك، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزگە نىسبەتەن، جىسمانىي جەھەتتە يوق قىلىش (ئىرقىي قىرغىنچىلىق) بىلەن مىللىي كىملىكىمىزنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان روھىي جەھەتتە يوق قىلىش (مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى) سىياسىتىنى بىرلىكتە قوللانماقتا. مىللىتىمىزگە قاراتقان جىسمانىي جەھەتتىكى يوق قىلىش (ئىرقىي قىرغىنچىلىق)نى مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە قوللانغان بولسا، مىللىي كىملىكىمىزنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان روھىي جەھەتتىكى يوق قىلىش (مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى)نى ئاخىرقى مەقسەت قىلماقتا. يەنى، خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان روھىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىكىمىزنى يوق قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولۇپ، جىسمانىي قىرغىنچىلىق يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستىدۇر.

ئۇنداقتا بۇنىڭ ئاساسى نېمە؟ بىز نېمە سەۋەپتىن شۇنداق قارايمىز؟

ئالدى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ۋە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى كونترول قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئۇيغۇرلار مەيلى نوپۇس جەھەتتىن بولسۇن ۋە باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن، خىتاي جەمىيىتىگە، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە تەھدىد ئېكەلگۈدەك كۈچلۈك ئەمەس. خىتايلارنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلارنى ئاسمىلاتسىيە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقئارا تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، «ئۇيغۇر ۋە مۇسۇلمان تېرورلۇق تەھدىتى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى يالغۇز ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىملىققا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماستىن، ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقىمۇ موھتاج. ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن جەھەتتە خىتاي جەمىيىتى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قىممەت يارىتىش مەنبەسى بولالايدۇ. ئەڭ ئاخىردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە خەلقىمىزگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ھەر خىل چەكلىمە، بۇرمىلاش ۋە ئىنكار قىلىش سىياسەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرغىچە ئېنىق بولغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، خەلق ئىچىدە تەسىرى زور بولغان، يەنى خەلقىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشىغا تۈرتكە بولالايدىغان زىيالى، دىنىي زات، كارخانىچى، ئەدەبىيات - سەنئەتچى ۋە جامائەت ئەربابلىرىغا «ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش» جىنايەتلىرى بىلەن مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن. ھەتتا بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولسا، ئۆزىنىڭ «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان سادىقلىق ۋە ئىشەنچىلىكلىك» دەرىجىسىگە كۆرە نومۇر قويۇلۇپ، «ئۆلچەم»گە يەتمىگەنلەر «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار» دېگەن سەۋەپ بىلەن قايتا تەربىيەلەش باھانىسىدا لاگېرلارغا سولانغان ۋە ئۇ يەردە مېڭىسى يۇيۇلۇش بىلەنلا قالماي، ھەقسىز ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئىشلىتىلگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن بىر مىليارد 360 مىليون بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ (بىراق مۆلچەردىكى سان بەلكىم ئىككى پىرسەنتنى ئىگىلىشى مۇمكىن). خىتاينىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە تەخمىنەن ئون پىرسەنت نوپۇس،يەنى 130 مىليوندىن ئارتۇق خەلق ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ناھايىتى ئاجىز ئورۇندا بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە چەتكە قېقىلىدىغان سىنىپقا ئايلانغان. خىتاي

جەمئىيەتتىكى مۇقىملىقىغا يوشۇرۇن تەھدىت شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىسا، بۇ ئىنسانلار ھاكىمىيەتكە ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى، ھەتتا ئاللىبۇرۇن بەلگىلىك تەھدىت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. پسىخىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، جەمىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئىنسانلار، ئۆزىدىنمۇ ئېغىر كۈنگە قالغان ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان ئىنسانلارنى كۆرگەندە، ئۇلاردا بەلگىلىك قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشى ۋە كۆڭلىدىكى ئۇۋالچىلىق تۇيغۇسى مەلۇم دەرىجىدە پەسىيىشى مۇمكىن. جەمىيەتتە ھەر دائىم كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان ياكى باشقىلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە ئۇچرايدىغان ئىنسانلار، ئەگەر باشقىلارنى بوزەك قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، ئۆزىنى كۈچلۈك ھېساپلىشى ۋە روھىي ھالىتىدە مەلۇم ئەڭپۈڭلۈق پەيدا بولۇشى مۇمكىن. جەمىيەتتە يەنە بىر تۈركۈم تېخىمۇ تۆۋەن قاتلام ئىنسانلىرىنى يارىتىش، ئۇ جەمىيەتتە ئەسلى مەۋجۇت بولغان تۆۋەن قاتلام ئىنسانلىرىنىڭ جەمىيەتكە بولغان نارازىلىقى ۋە تەھدىتىنى تۆۋەنلىتىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇ دەل ئورماندىكى چوڭ ئوت ئاپىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن كىچىك ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىشقا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتايدا ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللارنىڭكىدىن 34 مىليون ئارتۇق بولۇپ، خىتايدىكى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قىزلار نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار ئەرلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق قىزلارنى ئىگىلىۋېلىشى سەۋەبلىك، توي قىلىش يېشىغا يەتكەن مىليونلىغان ئەرنىڭ توي قىلىشى يىلدىن يىلغا قىيىنلاشقان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 2018-– يىلى، ھەر 280 نەپەر توي قىلىش يېشىدىكى ئەرگە، 100 نەپەر توي قىلىش يېشىدىكى ئايال توغرا كەلگەن. يەنى ھەر 280 ئەردىن 180 ئەر ئۆيلىنىدىغان تەڭتۇش لايىق تاپالمىغان. شۇ سەۋەپتىن خىتايدا، خىتاي ئەرلىرىنىڭ توي قىلىشى ھاياتىدا ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان مەسىلىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ توي قىلىش نىشانى خىتايغا قوشنا بولغان ۋېيتنام، كامبودژا، بېرما، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى قىزلارغا قارىتىلغان. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ۋەتەندە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە جازا لاگېرلىرى باشلىنىشتىن بۇرۇن، ساغلاملىق تەكشۈرۈش نامىدا خەلقىمىزدىن قان (DNA) ئۆرنەكلىرى، بارماق ئىزى ۋە كۆزنىڭ رەڭلىك پەردە رەسمى توپلانغانلىقى، كېيىن توپلىنىدىغان ماتېرىيال دائىرىسىنىڭ ئاۋاز ۋە يۈز تونۇشقا قەدەر كېڭەيتىلگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى ھەر زامان ئىز قوغلاپ كۆزىتىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغاندىن باشقا، خىتايلار قاندىن توپلىغان DNA قاتارلىق بىيومېدىتسىنا ئۇچۇرلىرىغا تايىنىپ ھەر خىل تىببىي تەتقىقاتلارنى قىلىشى، خەلقىمىزدە، بولۇپمۇ لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلغانلاردا ھەر خىل دورىلارنى سىناق قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا بىيومېدىتسىنا سانلىق ئامبىرى ھازىرلاپ، ئورگان تەمىناتى ئۈچۈن زاپاس مەنبە ھازىرلىشىمۇ مۇمكىن.

مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەردىن ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، لاگېر ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە روھىي جازا مەۋجۇت بولۇپ، جىسمانىي جازا تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، روھىي جازا تۈپەيلىدىن روھىي ساغلاملىقى ئېغىر دەرىجىدە ناچارلاشقان ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. لاگېردا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتىنى ئۆز جايىدا كۆيدۈرۈپ بىر .تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، لاگېرلارغا يانداش قىلىپ جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيلىرى سېلىنغانلىقى مەلۇم. لاگېرغا سولانغان ياش ۋە ساغلام كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز ئورگان ئالماشتۇرۇش بازىرى ئۈچۈن ئورگان مەنبەسىگە ئايلىنىۋاتقانلىقى خەلقئارانىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىماقتا. لاگېر ئىچىدىكىلەرگە ھەر خىل سىرلىق دورىلارنىڭ بېرىلگەنلىكى، لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا ئەقلىنى يوقىتىپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئاياللارنىڭ بولسا ئادەت كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا لاگېر ئىچىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلىنىۋاتقانلىقى، لاگېردا يەڭگەن ئاياللارنىڭ بالىلىرى ئېلىپ كېتىلىپ، بۇ ئانىلارنىڭ سۈتلىرى قانۇنسىز ئادەم سۈتى سودىسى ئۈچۈن سۈت مەنبەسىگە ئايلانغانلىقى، ئىنسانلاردىن مەجبۇرىي قان ئېلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار تارقالماقتا.

ئۇنداقتا ئۇ ئۇچۇرلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بىز ئۇلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ياكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھازىرغا قەدەر ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق قول سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ناھايىتى قاتتىق كونترول قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، بىزگە يېتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى دەلىللەش بەسىي مۇشكۇل. بىراق، بىز ئۇلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا دەلىللىشىمىز ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا بەلگىلىك ئاساس تېپىشىمىز مۇمكىن.




قانۇنسىز ئورگان ئەتكەسچىلىكى ھازىر ئەڭ تېز كېڭىيىۋاتقان قاراڭغۇ بازار سودىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يىللىق بازار قىممىتى 840 مىليون دوللار بىلەن 1.7 مىليارد دوللار ئارىسىدا بولۇۋاتقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. 1995 - يىلىدىن باشلاپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتىدا تىببىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاڭ جىيۇەن ئىسىملىك بىر دوختۇر، ئەسلى خىتاينىڭ 4 - ھەربىي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوتتۇز يىل دوختۇر بولغان بولۇپ، ئۇ 2006 - يىلىدىن كېيىنكى ئون يىل ۋاقىت ئىچىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فالۇنگوڭچىلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئىچكى ئەزالىرىنى ئالغانلىقى توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە ئىزدىنىپ، ئىسپات توپلىغان ۋە خىتاينىڭ قانۇنسىز ئورگان ئەتكەسچىلىكى توغرىسىدا بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ چىققان. مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمدە، كۆپلىگەن ئىسپاتلار ئارقىلىق خىتاينىڭ ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى دۇنياغا ئاشكارىلانغان.تەرەققىي قىلغان ۋە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان دۆلەتلەردە، ئىچكى ئەزا ۋە ئورگانلار ئاساسەن ھەر خىل ھادىسە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئورگانغا ئېھتىياجلىق بولغانلار ئادەتتە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئورگان ئۈچۈن ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە ساقلايدۇ. ئەمما خىتايدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا كۆپىنچە ئەزالارغا ساقلاش ۋاقتى بىر ھەپتە بىلەن سەككىز ھەپتە ئارىسىدا. بىر قىسىم كىشىلەر ئەڭ تېز بولغاندا يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئورگانغا ئېرىشەلەيدۇ.نورمالدا




بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورگانغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان ئورگانغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئورگان مەنبەسى بار بولۇشتىن سىرت، يەنە ئورگان بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ تىببىي ئۇچۇرلىرى ئالدىن خاتىرىلەنگەن بولۇشى كېرەك. يەنى بۇ خىتايدا ئورگانغا ئېھتىياجى بارلارنىڭ يېتەرلىك پۇلى بولسىلا، خالىغان ۋاقىتتا ئورگانغا ئېرىشەلەيدۇ دېگەنلىكتۇر. ۋەتەندە لاگېر مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقى تاشقى دۇنيانىڭ كۆپ دىققىتىنى قوزغىمىغانىدى. بىراق يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەر كۆنسايىن كۆپىيىپ، تاشقى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

ۋەتەندىكى، بولۇپمۇ لاگېر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ قۇربانى بولۇش ئېھتىماللىقىدىن باشقا، باشقىلارنىڭ لاگېر ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى، ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىببىي تەتقىقات ۋە تىببىي تەجرىبە ئوبېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىدۇر. لاگېر شاھىتلىرىنىڭ لاگېردا ئۆزلىرىگە سىرلىق دورىلار ئىچكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل دورىلارنى سىناق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى لاگېر ئىچىدىكىلەرگە ھەر خىل دورىلارنى بېرىپ، ئۇلارنى تۇغماس قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بەزىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەز - خۇلقىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنى نورمال تەپەككۇر قىلالمايدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئۆزگەرتىپ قويۇشىدىن، ھەتتا پەقەتلا ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلىدىغان بەزى بىيوخىمىيەلىك دورىلارنى تەتقىق قىلىپ چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

دورا تىجارىتى دۇنيادىكى تىجارەت سوممىسى ئەڭ زور بولغان تىجارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 2016 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، خىتايدىكى دورا تىجارىتى سوممىسى 2011 - يىلى 743 مىليارد يۈەن (تەخمىنەن 106 مىليارد دوللار) بولۇپ، 2015 - يىلى، 1220.7 مىليارد يۈەن (تەخمىنەن 160 مىليارد دوللار) گە يەتكەن. 2020 - يىلىغا بارغاندا خىتايدىكى دورا تىجارىتى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1800 مىليارد يۈەن (تەخمىنەن 260 مىليارد دوللار) گە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. 2018 - يىلى 9- ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى بىر خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاينىڭ دورا تىجارىتى سوممىسى ياپونىيەنىڭكىدىن ئېشىپ، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «خىتاي دورا تەتقىقات تەرەققىياتى ئاق تاشلىق كىتابى» دا، 2019 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خىتاي دورا تىجارىتى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 908.7 مىليارد يۈەن (تەخمىنەن 130 مىليارد دوللار) گە يەتكەنلىكى دوكلات قىلىنغان. دېمەك دورا تىجارىتى دۇنيادا، جۈملىدىن خىتايدا ئەڭ زور كىرىم يارىتىدىغان تىجارەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

دورا تەتقىقاتىدا بىر دورىنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات باسقۇچىدىن باشلاپ ئۇ دورىنىڭ رەسمىي بازارغا كىرىشى ئۈچۈن تەخمىنەن ئون يىلدىن ئون بەش يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭ 70 ~ 80 پىرسەنتى دەسلەپكى تەتقىقاتباسقۇچى، يەنى كىلىنىكىدىن ئىلگىرىكى تەتقىقات باسقۇچى ۋە ھايۋاندا سىناق قىلىش باسقۇچى، كېيىنكى 20 ~ 30 پىرسەنتى ئىنسان ۋۇجۇدىدا قىلىنىدىغان كىلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىدۇر.تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە دورىلارنىڭ ئىنسانلاردا سىناق قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بازارغا كىرىشىنىڭ تەستىقلىنىش جەريانى بەك مۇرەككەپ بولۇپ، بىر قىسىم دورىلار تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە كىلىنىكىلىق سىناق قىلىنىدۇ. ھەر بىر دورا ئۈچ باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناقتىن ئۆتۈپ، ئاندىن بازارغا كىرىدۇ. بىرىنچى باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناق جەريانى بىر ئاز خەتەرلىك بولۇپ، بۇ باسقۇچتا يېڭى دورا ئادەتتە ئوندىن يۈزگىچە ساغلام كىشىدە سىناق قىلىنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناقتىن ئۆتكەن دورىلارغا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچلۇق كىلىنىكىلىق سىناق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈز بىلەن ئون مىڭ ئارىسىدا ئادەمنىڭ قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كىلىنىكىلىق سىناققا قاتناشقۇچى پىدائىيلارغا بەلگىلىك ھەق بېرىلىدۇ. نورمالدا ھايۋانلاردا قىلىنغان سىناقتىن ئۆتكەن خېلى كۆپ ساندىكى دورىلار ئىنسان ۋۇجۇدىدا قىلىنغان كىلىنىكىلىق سىناقتىن ئۆتەلمىگەچكە، بازارغا كىرەلمەيدۇ. يەنى ئۇ دورىلار مەغلۇپ بولغان دورا ھېساپلىنىپ، دورا شىركىتىگە ھېچقانداق ئىقتىسادىي كىرىم كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئەگەر قانۇن ۋە ئەخلاق بىر ياققا چۆرۈۋېتىلىپ، دورا دەسلەپكى تەتقىقات مەزگىلىدىلا بىۋاستە ئىنسان ۋۇجۇدىدا سىناق قىلىنسا، ئۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىم ۋە ۋاقىتنى زور دەرىجىدە تېجەپ، بازارنى بالدۇر ئىگىلىگىلى بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتايدا ھەر يىلى سەككىز يۈزدىن ئارتۇق يېڭى دورا كىلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىغا كىرىدىكەن. يېڭى دورىلارنىڭ بازارغا كىرىپ، رەسمىي كەڭ كۆلەمدە سېتىلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر بىر دورىنىڭ شىپاسى ۋە دورىنىڭ زىيىنى ئاز بولغاندا ئون، كۆپ بولغاندا ئون مىڭ ئادەمدە سىناق قىلىنىشى زۆرۈر بولۇپ، بۇ سىناق ئوبېكتىنىڭ ئۇيغۇرلار بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى زور.

دورا توغرىسىدىكى تەجرىبە - سىناقلار ئادەتتە ئىككى

خىل مەقسەت ئۈچۈن بولىدۇ: بىرى دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى دورىنىڭ قانداق ئەكس تەسىرى، يەنى زىيىنى بارلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. دورىنىڭ مەلۇم كېسەللىكنى داۋالاش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، شۇ خىلدىكى كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمار تېپىلىشى زۆرۈر بولغاچقا، بەزىدە ھەتتا ئىنسانلاردا شۇ خىل كېسەل سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق پەيدا قىلىنىپ، ئاندىن شۇ دورا مەزكۇر كېسەلگە ئىشلىتىلىپ، دورىنىڭ ئۈنۈمى تەكشۈرۈلىدۇ ئەمدى لاگېرلاردا ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن سىرلىق دورا ۋە ئۇنىڭ دورا ئىشلەتكۈچىلەرگە كەلتۈرگەن زىيىنىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا ئېنىق بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن شۇ دورىلارنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. لاگېر شاھىتلىرىنىڭ تەرىپلىشىگە ئاساسلانغاندا، لاگېردىكى دورىلارنى يېگەنلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەيز قالايمىقانلىشىش، جىنسىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، روھىي كەيپىياتى داۋالغۇش، ئېسى ناچارلىشىش ياكى ئېسىنى يوقىتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئاقىۋەتلەر سىناق قىلىنغان دورىلارنىڭ تەسىرى بولۇشىمۇ، لاگېردا ئېلىپ بېرىلغان روھىي ۋە جىسمانىي جازالار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئىچى تىتىلداش، تۇغۇت چەكلەش دورىسى، ھورمۇن دورىلىرى، قاننى سۇيۇلدۇرۇش دورىسى، قالقانسىمان بەز دورىلىرى، تۇتقاقلىق كېسەل دورىسى، چۈشكۈنلۈك كېسەللىنى داۋالايدىغان دورا، راك كېسەللىنى خىمىيەلىك داۋالاشتا قوللىنىدىغان دورىلار ئاياللارنىڭ ئادىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىدۇ ياكى توختىتىۋېتىدۇ. راك كېسەللىنى خىمىيەلىك داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار، بەزى ھورمۇن خاراكتېرلىق دورىلار، زەمبۇرغقا قارشى دورىلار، ئاشقازان يارىسىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بەزى دورىلار ئەرلەرنى بالا كۆرەلمەس قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا، خولەستىرولنى تۆۋەنلىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بەزى دورىلار، تۇتقاقلىق كېسەللىنى، پاركىنسىن كېسەللىنى داۋالاشتا، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە خىستامىنغا قارشى دورىلار ئىنسانلارنىڭ ئېسىنى يوقىتىۋېتىشى ياكى ناچارلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. روھىي كېسەللىك دورىلىرى، پاركىنسون كېسەللىنى، چۈشكۈنلۈك كېسەللىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار، تىنچلاندۇرۇش دورىلىرى، ئىنسانلاردا قايمۇقۇش، يۆنىلىشنى تاپالماسلىق قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان گېن تەتقىقاتى ۋە بىيوخىمىيەلىك دورىلار تەتقىقاتىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە تېخى قولىمىزدا يېتەرلىك ئىسپات يوق. ئەلۋەتتە خىتاينىڭ بارلىق ئۇيغۇرلاردىن قان ئۆرنەكلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ DNA سىنى تەكشۈرۈپ، بىيومېدىتسىنا سانلىق ئامبىرى ياساۋاتقانلىقى مەلۇم. ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ DNA ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بەزى ئىلمىي ماقالىلەر يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا خەلقئارادا يول قويۇلغان تەتقىقاتلار ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە قانداق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ۋە ياكى ئېلىپ بېرىلماقچى، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بەزىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتكە خاس مىجەز خۇلقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئەندىشە قىلىشماقتا. ئۇنداق قىلىش گەرچە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇمكىن بولسىمۇ، بىراق ئۇ خىل تەتقىقاتلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن جەريان كېرەك. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ھەر خىل مېڭە يۇيۇش ۋە روھىي جازالار ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئۆزگەرتىش تېخىمۇ تېز ۋە ئاسانغا توختىسا كېرەك. بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا لاگېر ئىچىدىكىلەردىن قان ئېلىپ، ئېلىنغان قاندىن قان پىلازمىسى ۋە ئاق ئاقسىل قاتارلىق قان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ، بازارغا سالغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار. ھەقىقەتەن، خىتاينىڭ قان پىلازمىسى، ئاق ئاقسىل قاتارلىق قان مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى بەك زور بولۇپ، خىتايدا قان مەھسۇلاتلىرى ئېغىر دەرىجىدە قىس. 2015 - يىلى 9- ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، شەندوڭدىكى بىر قان مەھسۇلاتلىرى شىركىتى (泰邦生物)، بىزنىڭ ۋەتەندىكى دې يۈەن (新疆德源) شىركىتى بىلەن ئۈچ يىللىق قان تەمىنلەش توختامى تۈزگەن بولۇپ، توختامدا 2015 - يىلدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، بىزنىڭ ۋەتەندىكى شىركەت، شەندوڭدىكى قان مەھسۇلاتى شىركىتىنى 120 توننا، 180 توننا ۋە 200 توننا قان تەمىنلەيدىكەن.

دې يۈەن شىركىتى (新疆德源) 1994 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان شىركەت بولۇپ، ئومۇمى مەبلىغى 500 مىليون يۈەن ئىكەن. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى 49 ناھىيە ۋە شەھەرلەردە 13 مۇستەقىل قان پلازما توپلاش

پونكىتى ۋە 5 مۇستەقىل قان پلازما بىر تەرەپ قىلىش تارمىقى بار ئىكەن؛ ئۇلارنىڭ قان ئېلىش ئوبيېكتى 10 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن نوپۇسنىڭ 40% دىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلىدىكەن؛ يىلدا 800 - 1000 تونna قان پلازمىسى توپلايدىكەن. نورمالدا ھەر 1 كىلو ياكى 1 لىتىر قان پلازمىسى ئۈچۈن 2 كىلو ياكى 2 لىتىر قان كېرەكلىك بولۇپ، 1000 تونna قان پلازمىسى توپلاش ئۈچۈن 2000 تونna قان كېرەك بولىدۇ. خىتايدا، خەلقنىڭ قان ھەدىيە قىلىشقا بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلىرى تۈپەيلىدىن، قان ھەدىيە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خىتايدا ھەر 1000 نوپۇس ئىچىدە پەقەت 11 ئادەم قان ھەدىيە قىلىدىكەن، يەنى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاران 1.1% قان تەقدىم قىلىدىكەن. 2017 - يىلى، پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا 14.59 مىليون ئادەم قان ھەدىيە قىلغان بولۇپ، جەمى 4956 تونna قان توپلانغان؛ ئامما ۋەتەندە پەقەت 10 مىليون نوپۇستىن 800 - 1000 تونna قان پلازمىسى توپلىغان. ئادەتتە پەقەت يېشى 16 ياشتىن چوڭ، بەدەن ئېغىرلىقى 50 كىلودىن ئارتۇق، يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان ساغلام ئىنسانلار قان ھەدىيە قىلىشقا شەرتى توشىدىغان بولۇپ، ھامىلدار ئايال ۋە سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلاردىن قان ئېلىنمايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئومۇمى نوپۇس ئىچىدە قان بېرىشكە شەرتى توشىدىغانلارمۇ ئادەتتە 50% ئەتراپىدا بولىدۇ.    يەنە بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا خىتايدىكى يەنە بىر قان مەھسۇلاتلىرى شىركىتى بولغان خۇالەن(华兰生物) بىئولوگىيىسى 2011-يىلى قان يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تاقىلىپ كېتىش خەتىرى ئاستىدا قالغان ئىكەن. 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، خىتايدىكى قان مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدىن بىرى بولغان بويا بىيولوگىيەسى (博雅生物) نىڭ 2018 - يىللىق قان مەھسۇلاتلىرى تىجارەت قىممىتى 904 مىليون يۈەن (130 مىليون دوللار) بولۇپ، مەزكۇر شىركەت بۇنىڭدىن 327 مىليون يۈەن نەق كىرىم ياراتقان. يۇقىرىقى شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى خىتايدا پاي چېكى تارقاتقان چوڭ شىركەتلەر ھېساپلىنىدۇ. دېمەك خىتايدىكى قان مەھسۇلاتلار بازىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەپمۇ بەك زور. خۇلاسە، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىكى قان مەھسۇلاتى تىجارىتىنىڭ قان مەنبەسى بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى يۇقىرى.

ئۇنىڭدىن باشقا لاگېردىكى قىزلارنىڭ ئېپپىتىگە تاجاۋۇز قىلىنغانلىقى، ئۇلار ئېغىر ئاياق بولۇپ، يەڭگەندىن كېيىن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈتىنىڭ بازارغا سېلىنغانلىقى توغرىسىدا بەزى ئۇچۇرلار تارقالغان. بىز بۇ ئۇچۇرلارنىڭ راست - يالغانلىقى توغرىسىدا ئىزدەنگىنىمىزدە، خىتايدا ئانا سۈتىنىڭ تاۋار قاتارىدا بازارغا سېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا تارقالغانلىقىنى ۋە ئۇنداق بىر تىجارەتنىڭ خىتايدا خېلى ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. لاگېردىكى قىزلارنىڭ ئېپپىتىگە تاجاۋۇز قىلىنغانلىقى ۋە لاگېردا يېڭى يەڭگەن ئاياللارنىڭ بوۋاقلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىپ، سۈتىنىڭ توپلاپ بازارغا سېلىنغانلىقى بەلكىم لاگېر گۇندىپايلىرىنىڭ  ئايرىم قىلمىشى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە يۈكسەك ئىقتىسادي كىرىم كەلتۈرىدىغان چوڭ تىجارەت بولمىغاچقا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنى رەسمىي بىر سىياسەت سۈپىتىدە لاگېرلاردا كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلغانلىق ئېھتىمالى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېر سىرتىدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، دىنىي ئېتىقادىمىز، تىل - يېزىقىمىز، ئۆرپ – ئادەتلىرىمىزنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقى، مىليونلىغان كىتاپلىرىمىزنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى، كۆپلىگەن مەسچىتلەرنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى، خەلقىمىزگە مەجبۇرى چوشقا گۆشى يېگۈزۈلىۋاتقانلىقى، قىزلىرىمىزنىڭ مەجبۇريي خىتايلارغا ياتلىق قىلىنىۋاتقانلىقى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان مىليونلارچە باللىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، كوممۇنىزىم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئىدىئولوگىيە، تارىخ، تىل - يېزىقىدىن باشلاپ، ئەدەبىيات - سەنەت، تەنتەربىيە، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويىدى ۋە ئۇ چەكلىمىلەرنى تەدرىجي كۈچەيتتى. يالغۇز دىنىي ئېتىقادىمىزنى چەكلەپلا قالماستىن، ھەتتا ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۇنى سوتسىيالىزىمغا ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. خەلقىمىزنى ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلدى ۋە تارىخىمىزنى بۇرمىلىدى. تىل - يېزىقىمىزنى چەكلىدى، كىتاپلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

خەلقىمىزنى شى جىنپىڭنى ۋە كومپارتىيەنى مەدھىيىلەيدىغان قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىشقا مەجبۇرلىدى. ئەرلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىغا، ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويدى. خەلقىمىزنىڭ يۇرت، ھەتتا مەھەللە ئاربلاپ، ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىغا چەكلىمە قويدى. خەلقىمىزنى ئۆز دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسىملىرىنى خىتايچە ئىسىمغا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. ھەتتا خەلقىمىزنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىغا ۋە دەپنە مۇراسىملىرىغىمۇ چەك قويدى. قىزلىرىمىزنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە روھىي ھالىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىدە نورمالسىزلىق پەيدا قىلدى.

گەپنى يىغساق، مەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى قىرىۋەتمەيدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىش بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىگە تامامەن بويسۇندۇرۇشتۇر. چۈنكى، ئۆلتۈرۈش غەلبە ھېساپلانمايدۇ، تۈپتىن بويسۇندۇرۇش غەلبە ھېساپلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئىسپاتلىماقچى. خىتايلاردا «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى چۆچۈتۈش» دەيدىغان گەپ بار. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم تەسىردار ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈشى، پەقەتلا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇنى ھاياتلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىبويسۇندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر.

ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىش بولسا، ساقال -بۇرۇتلار، كىيىم - كېچەكلەرگە چەكلىمە قويۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرى چوشقا گۆشى يېگۈزۈپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلارغا خىتاي تىلى ۋە خىتاي كۈلتۈرىنى ئۆگىتىپ، خىتايچە ناخشا ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ؟ مەقسەت ئۆلتۈرۈشلا بولسا، بۇلارنى قىلمايمۇ ئۆلتۈرگىلى بولاتتى. بۇ نۇقتىدا بىز دىققىتىمىزنى نوقۇل ھالدا لاگېرغا ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا مەركەزلەشتۈرۈۋالدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا يۇقىرىدا تىلغان ئېلىنغان ئەھۋاللار يالغۇز لاگېرلاردىلا مەۋجۇت بولماستىن، لاگېر سىرتىدىمۇ مەۋجۇت. خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىت لاگېر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

شۇ ۋەجىدىن، مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرىپ تۈگىتىش ھازىرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقىمىزنى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزدىن ئۆز ئىستىكى بويىچە پايدىلىنىشتۇر. ئەلۋەتتە، ئەگەر خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا كۆزى يەتسە، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنى، كەم دېگەندە تۈرمە ۋە لاگېر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

**ABC Net Australia: China’s frontier of fear;**
By Mark Doman, Stephen Hutcheon, Dylan Welch and Kyle Taylor
https://www.abc.net.au/news/2018-11-01/satellite-images-expose-chinas-network-of-re-education-camps/10432924
Estimates of camp numbers range anywhere between 181 to upwards of 1,200.

**FP magazine: 48 Ways to Get Sent to Chinese Concentration Camp**
Something terrible is happening in Xinjiang.  BY TANNER GREER
https://foreignpolicy.com/2018/09/13/48-ways-to-get-sent-to-a-chinese-concentration-camp/
There is a crisis in Xinjiang. The details are murky. The Communist Party of China has little incentive to reveal the inner workings of the vast system of surveillance and terror it has built to control the 12 million Uighur and Kazakh citizens of China’s westernmost region. From the party’s perspective, the further away the global spotlight is from its activities the better.

**Uighur woman details horrific abuse in China internment camp**
https://www.cbsnews.com/news/china-uighur-woman-abuse-chinese-internment-camp-muslim-minorities-xinjiang/

Mihrigül Tursun said she and other inmates were forced to take unknown medication, including pills that made them faint and a white liquid that caused bleeding in some women and loss of menstruation in others. Tursun said nine women from her cell died during her three months there.

**Uighur claims sterilization in Xinjiang detention camp**

http://www.thestandard.com.hk/breaking-news.php?id=134991&sid=6

Zumrat Dawut, who survived a detention camp in China's XInjiang and is now living in the United States with her family, recounted how she was shackled and hooded on the day she was detained. She was prevented from showering, denied food when she tried to help a fellow prisoner _ and even sterilized. Even before the camps, recounted being assigned "relatives" from the Han majority _ a well-documented practice that the Chinese have portrayed as a cultural exchange but that Uighurs say is aimed at undercutting their religion and way of life. A 20-year-old man was assigned to be her 12-year-old daughter's "relative," and he would demand to see her dressed well and ask to take her with him out of the house.

"Even people outside the camps are not free," she said. "They are living in an outdoor prison."-AP

**China’s woman shortage creates an international problem**

https://share.america.gov/dire-effects-of-chinas-woman-shortage/

China’s gender gap is fueling the trafficking of poor women, who are being kidnapped or lured into China and forced to be prostitutes or slave-brides.

According to the U.S. Department of State’s 2019 Trafficking in Persons Report, traffickers “increasingly facilitate the forced and fraudulent marriage of South Asian, Southeast Asian, Northeast Asian, and African women and girls to Chinese men.” There are 34 million more Chinese men than Chinese women in a total population of 1.4 billion. The gender gap is widest for those of marriage age. In 2018, China had 280 males aged 15–29 for every 100 females of that age, or nearly 3 to 1, according to the United Nations. By 2026, there will be more than three males for every female aged 15–29, and the ratio will not be close to balanced for several decades.

**New York Times: China uses DNA to track its people, with the help of American expertise**

https://www.nytimes.com/2019/02/21/business/china-xinjiang-uighur-dna-thermo-fisher.html?fbclid=IwAR0v6dSVpJajBGw8ASeTV2RTVC_Az68js6jgbhFWPK0ouBTefrNeXM0IGKw

BEIJING — The authorities called it a free health check. Tahir Imin had his doubts.

**Analysis of genetic admixture in Uyghur using the 26 Y-STR loci system**

https://www.nature.com/articles/srep19998

The Uyghur population has experienced extensive interaction with European and Eastern Asian populations historically. A set of high-resolution genetic markers could be useful to infer the genetic relationships between the Uyghur population and European and Asian populations. In this study we typed 100 unrelated Uyghur males living in southern Xinjiang at 26 Y-STR loci. Using the high-resolution 26 Y-STR loci system, we investigated genetic and phylogenetic relationship between the Uyghur population and 23 reference European or Asian populations.

**Genetic History of Xinjiang's Uyghurs Suggests Bronze Age Multiple-Way Contacts in Eurasia.**

https://www.ncbi.nlm.nih.gov/pubmed/28595347

The Uyghur people residing in Xinjiang, a territory located in the far west of China and crossed by the Silk Road, are a key ethnic group for understanding the history of human dispersion in Eurasia. Here we assessed the genetic structure and ancestry of 951 Xinjiang's Uyghurs (XJU) representing 14 geographical subpopulations. We observed a southwest and northeast differentiation within XJU, which was likely shaped jointly by the Tianshan Mountains, which traverses from east to west as a natural barrier, and gene flow from both east and west directions. In XJU, we identified four major ancestral components that were potentially derived from two earlier admixed groups: one from the West, harboring European (25-37%) and South Asian ancestries (12-20%), and the other from the East, with Siberian (15-17%) and East Asian (29-47%) ancestries.

**基因武器如何影响未来战争**

http://www.xinhuanet.com//mil/2017-11/10/c_129737310.htm

基因武器是指通过基因编辑技术修改致病微生物的基因编码，而研制出的新一代生物武器，能够从基因层面对敌发动攻击。简单来说，基因编辑技术就相当于一把基因“剪刀”，可以按照主观意愿将一种生物的基因片段“剪接”到另一种生物上，从而改变其生理特征。基因武器正是通过这种方式修改基因获得新的致病微生物，从而使对方的疫苗库失效。美国情报机构因此把基因编辑技术列为潜在的大规模杀伤性武器。

活摘一十年调查
**https://www.youtube.com/watch?v=rY-g6vEusuw&list=PLmi-_4Ve64eDMqmFzx1Q4YRo8rrQDzqxH&index=3&t=441s**本片讲述了中國軍醫耗时十年取证调查，揭开大陆活摘器官一条龙移植黑幕。本片的特點：1、95%的信息來自中共控制的媒体的报道、國內的医学报告、医院网站曾经公布的信息、医学医生接受的调查录音、中共官员接受的调查录音。可以说是用来自大陆的信息来说明在中国发生的黑幕。2、调查主体追查国际在国外、大陆都有调查员，所有调查录音都有完整备案，包括秘书接线、转接过程等等，考虑篇幅问题，片中只是截取了部分内容。所以电话录音都将做为证据提交国际法庭，作为追诉犯罪嫌疑人的证据。哈佛醫學專家汪志远曾经是大陆航空军医主任，2006年他读到了媒体报道大陆器官活摘内幕，于是开始了长达10年的调查和研究。通过大量对大陆主要城市医院的采证和采访调查发现：军队、警察、医院、法院一条龙的牟取器官移植的暴利，不择手段对大量法轮功学员进行活摘手术，且毁尸灭迹...官方网站：**http://harvestedalive.com**

**China Accused of Harvesting Organs of Uighurs, Falun Gong Religious Group**
https://www.nationalreview.com/news/china-accused-of-harvesting-organs-of-uighurs-falun-gong-religious-group/
A human rights lawyer has accused the Chinese government of murdering members of the Uighur Muslim minority and the Falun Gong religious group to harvest their organs, and has urged the U.N. Human Rights Council to investigate the allegations.

**2020年中国医药市场规模将达1.8万亿，生物药品市场占比大幅增长**
http://www.phirda.com/artilce_3726.html?cId=1
近年来，中国医药行业快速发展，市场规模由2011年的7431亿元增长到2015年的12207亿元，复合增长率为13.2%，快于该期间GDP 8.7%的复合增长率。中商产业研究院发布的《2016-2020年中国医药行业投资战略研究咨询报告》指出，在“十三五”期间，我国医药行业将继续高速发展，2020年市场规模将会达到17919亿元，2015-2020年，复合增长率为8%，依然会高于我国GDP的增长率。

**2018年中国医药行业市场规模：中国成为全球第二大医药市场**
http://market.chinabaogao.com/yiyao/09213D1942018.html
2018-09-21: 全球药品市场规模稳定增长随着全球人口总量基数的增长以及社会老龄化程度的不断提高，医疗服务、药品的需求量及需求种类与日俱增；另一方面，由生活水平提高带来的人民健康管理意识的加强，使得全球医药市场稳步发展。2016年，全球药品销售规模达11,201亿美元，相比2007年增长51.47%，10年内复合增长率为4.72%。预计2020年全球药品用量将达到4.5万亿剂，相比于2015年增长24%。全球超过50%人口每人每天会使用超过1剂的药品，相比2005年增加超过三分之一，主要增长源自印度、中国、巴西和印度尼西亚等国家。中国是世界上医药消费增长最快的地区之一，据IMS统计，中国在2010年是世界第三大医药市场，进而在2015年成为世界第二大医药市场。预计2020年时，中国医药市场规模指数与第三位之间的差距将会进一步扩大，并缩小与第一位之间的差距。

**《2019年中国医药市场发展蓝皮书》发布**
http://www.gd.xinhuanet.com/newscenter/2019-08/10/c_1124859396.htm
2019-08-10 日前，米内网举行的《2019年中国医药市场发展蓝皮书》发布会在广州举行。数据显示，2019年上半年，我国药品终端市场销售额为9087亿元，同比增长为5.8%，较上年同期增速放缓。

**China isn’t yet ready to conduct clinical trials for the pharma industry**
https://www.statnews.com/2018/08/03/china-clinical-trials-infrastructure-transparency/
China, with its huge population and its position as the second-largest pharmaceutical market in the world, should be poised to become a world leader in clinical trials for new drugs and devices. But it isn’t quite ready for that.
Problems with protecting clinical trial participants, inadequate clinical trial infrastructure, and poor transparency make China an unreliable country in which to conduct a clinical trial. As a clinical research professional with more than a decade of global industry experience, I’ve seen clinical trials conducted in many countries but have yet to work with a U.S. company that has opted to conduct a clinical trial in China.

**Thousands of Indians die in unethical clinical trials**
https://www.thenational.ae/world/asia/thousands-of-indians-die-in-unethical-clinical-trials-1.770992'We can’t treatIndians as guinea pigs,' head of Indian Society for Clinical ResearchThousands of Indians have died in unethical clinical trials over the past decade, even as a lawsuit to improve regulation of these trials has dragged unresolved through the Supreme Court for six years. Between January 2005 and November 2017, 4,967 people died during the course of drug trials and research, according to government data obtained by a non-profit called Swasthya Adhikar Manch (SAM). Another 20,000-odd people have suffered adverse reactions in such trials.

**泰邦生物 (CBPO US) - 控制上游资源；获取最大利润**
**https://www.newone.com.cn/researchcontroller/detail?id=169848&code=13**
泰邦生物与新疆德源的战略合作对泰邦生物长远有利. 泰邦生物最近宣布与新疆德源进行战略合作，在未来3年内每年采购不少于120/180/200吨血浆。泰邦生物先前在4月份向新疆德源购买约143吨血浆，主要用于在贵州泰邦采集中心白蛋白和免疫球蛋白的生产。由于供应短缺一直是中国血浆制造商的瓶颈，这批143吨的血浆已占公司2015年总血浆供应量的20%。

**新疆德源生物工程有限公司**
**http://scc.shzu.edu.cn/2017/1211/c7793a103598/page.htm**
新疆德源生物工程有限公司成立于1994年5月，是在新疆的唯一一家血液制品生产企业，注册资本4666万元人民币。公司位于乌鲁木齐市高新区北区工业园冬融街399号，占地面积136.6亩，建筑面积39200平方米。公司已建成血液制品生产车间11774平方米，总投资4.7亿元人民币。车间年处理健康人血浆800-1000吨。截止2016年公司在新疆共取得13个单采血浆站设置行政许可，已投入1.4亿元人民币，建成8个浆站，占地面积67595平方米。目前采集的血浆主要用于本公司血液制品生产线生产。
**https://www.yingjiesheng.com/job-004-167-759.html**
新疆德源生物工程有限公司在新疆南北疆拥有13个独立产权的单采血浆站和5个单采血浆分站，名列国内同行业前列，采浆范围覆盖49个县市，1000多万人口，占全疆总人口的40%以上。

**华兰生物面临失血危机_财经频道_新浪网**
**http://finance.sina.com.cn/focus/hlswsx/**
华兰生物痛失近60%血浆来源 面临失血危机
**http://finance.sina.com.cn/stock/s/20110720/001010174847.shtml**
基于血浆窗口期加生产、批签发期共6个月以上周期的存在，华兰生物在贵州被关闭的5家单采血浆站并不会影响到期2011年的业绩。但如果重庆的7家血浆站或重庆分公司的运营不能超预期发展，以弥补空缺，则2012年乃至2013年上半年，华兰生物的血浆制品业务将受到重大打击。因为被关闭的5家血浆站采浆量占公司全年总采浆量的60%左右。 民生证券投资顾问徐冉分析，贵州省本次整顿势必会对公司业绩造成较大冲击，不过很难撼动公司作为血液制品的龙头地位。

**中国人为什么不乐意献血?平均每百人只有一个人献血 |有理数**
**http://www.bjnews.com.cn/graphic/2018/06/14/491126.html**
根据《2017年我国卫生健康事业发展统计公报》数据显示，2017年全国无偿献血人次数达到1459万人次，采血量达到4956吨，较2016年分别增长4.2%和5.0%，献血率接近11‰。

**博雅生物资产乱象：预付款暴涨 输血关联方有秘密**
https://finance.sina.com.cn/stock/s/2019-09-10/doc-iicezzrq4872085.shtml
博雅生物在2018年年报中声称，公司在保障血液制品业务稳定发展的同时，积极发展非血液制品业务，实现血液制品业务、非血液制品业务协同发展。按照2018年年报第169页披露，公司业务共有四块：血液制品业务、糖尿病药品业务、生化制药业务、药品经销业务，这四块业务2018年收入分别为9.04亿元、3.2亿元、7.02亿元、5.55亿元，净利润分别为3.27亿元、5214万元、6541万元、2352万元。因此，血液制品是上市公司最主要的收入和利润来源。

**深圳富豪圈流行直饮人奶 对奶直吸或涉色情**
http://politics.people.com.cn/n/2013/0704/c70731-22072352.html
近日，记者调查发现，母奶已成深圳高端圈内的时尚营养品，而直饮人奶已悄然在深圳富豪圈中流行。“心馨语”家政 服务点负责人林军说，奶妈业务早已拓展到了成人消费群，需求远超预期，“如有必要，还可以对着乳头喝奶”。深圳公安局相关人士透露，即使成人雇佣奶妈的行为涉嫌色情行为，但侦查难度相对较大。同时，深圳奶妈可为成年人哺乳引热议，有饮用者称营养功能没有想象中大。

Times Report: China Targets Prominent Uighur Intellectuals to Erase an Ethnic Identity
https://www.nytimes.com/2019/01/05/world/asia/china-xinjiang-uighur-intellectuals.html The mass detention of Uighur artists, journalists and scholars has become an alarming symbol of the Communist Party's most intense social-engineering drive in decades, according to scholars, human rights advocates and exiled Uighurs.

# ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكاغا كۆچمەن بولۇپ كېلىشى 1960-يىللىرى باشلانغان. بولۇپمۇ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قاتار توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇملىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، ياۋروپا، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكاغا كېتىش يولىنى تاللىغان. ئامېرىكاغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1980-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ياش ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشقا كېلىشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا كۆپىيىشكە باشلىغان. بىلىشىمىزچە، ئامېرىكاغا ئەڭ دەسلەپتە ئوقۇشقا كەلگەنلەر تۆۋەندىكىلەر: گۈلناز ئابدۇقادىر ۋە پەرھات نىياز (1985-يىلى)، قاھار بارات (1986-يىلى)، مەۋلان ياسىن (1987-يىلى)، ئەركىن سىدىق، رىشات ئابباس، گۈلباھار مامۇت ۋە ئەنۋەر يۈسۈپ (1988-يىلى)، تۇغلۇق ئابدۇرازاق (1990-يىلى).

1992-يىلى شىمالىي كالىفورنىيەدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئەركىن سىدىق ۋەتەندىن بىر قانچە گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكاغا ئېكسكۇرسىيەگە كېلىپ، ئەمما ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېچقانداق ئالاقە ئورنىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشالماي قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1993-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكادىكى ۋەتەندىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تىزىملاپ، بىر «تېلېفون نومۇر دەپتىرى» تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمما، ۋەتەندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1993-يىلىمۇ ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇ «دەپتەر» گە ئاران 17 ئائىلە كىرگۈزۈلىدۇ، ھەمدە ئۇ بىر «تېلفون دەپتىرى» بولالماي، پەقەتلا بىر – ئىككى بەتلىك «تېلېفون نومۇرى قەغىزى» بولۇپ چىقىدۇ.

ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئالاقە ۋە ياردەملىشىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىقنىڭ يېتەكلىشىدە تەشكىللىنىپ، 1993-يىلى 3- ئايدا، ئېنگلىزچە ئىسمى TOSSA (Tengritagh Overseas Students and Scholars Association) دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «چەت ئەلدىكى تەڭرىتاغلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلار ئۇيۇشمىسى» بولغان بىر ئۇيۇشمىنى قۇردى. بۇ ئۇيۇشمىغا تۇنجى يىلى ئەركىن سىدىق رەئىس، روشەن ئابباس مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بىر شتاتتىن يەنە بىر شتاتقا بىر-بىرىنى يوقلاپ بارىدىغان ئىشلارمۇ باشلاندى. ئۇيۇشما ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئايلىق ژۇرنال چىقىرىپ، ئۇنى ئامېرىكادىكى ھەممە ئۇيغۇرغا تارقاتتى. ئامېرىكادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ ئۇيۇشمىغا ئالمىشىپ رەھبەر بولۇپ ئىشلىدى، ھەمدە خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەتەندىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغان بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «توفېل» ئېنگلىزچە ئىمتىھانىغا ئىلتىماس قىلىش ھەققى بىلەن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئىلتىماس قىلىش ھەققىنى تۆلەپ بېرىش، ۋەتەندىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئىلتىماس قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە زۆرۈر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن بۇنداق ماددىي ياردەمگە ئىلتىماس قىلغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى بۇ خىزمەتنى خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇردى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان ئاسسىمىلاتسىيە ۋە ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكادا بىر سىياسىي تەشكىلاتقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكادىكى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەشكىللىنىپ، ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سېستىملىق تەييارلىق قىلىپ، 1998-يىلى 23 - مايدا «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى»نى قۇرۇپ چىقتى. «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» نىزامنامىسىدا ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» رەھبەرلىرىنى يېڭىدىن سايلاپ چىقىش بەلگىلەندى. بىرىنچى نۆۋەتلىك رەھبەرلەر ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىككى يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» بىر قىسىم ئەگرى-توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇنىڭغا دەسلەپكى

ئالتە ئايدا دولقۇن قەمبىرى، كېيىنكى ئالتە ئايدا ئەركىن سىدىق ۋە ئاخىرقى بىر يىلدا غۇلامىدىن پاختا رەئىس بولدى. گەرچە ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» يېڭى قۇرۇلغان ۋاقتىتىن باشلاپلا ئۇيغۇرلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكادا مىللەتكە پايدىلىق كۆپلىگەن سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» **1998**-يىلى **16**- ئىيۇندا ئامېرىكا كونگرەسىدە «شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى» دېگەن تېمىدا ئىسپات بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. «ئۇيغۇر ئامېرىكالىقلار بىرلىكى» ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر خىل سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم قىلىشنى تاكى بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي سانى ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا. ئامېرىكاغا **2016** - يىللىرىدىن كېيىن ۋەتەندە تولۇقسىزنى، تولۇق ئوتتۇرىنى ۋە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خېلى كۆپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى بىلەن ئالاقىلاشماي، ياكى ئۇلارغا ئۆزلىرىنى بىلدۈرمەي ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سانىنى يۇقىرىدىكى سانغا قوشۇش مۇمكىن بولمىدى. ئامېرىكا نوپۇس ئىدارىسىنىڭ **2013**-يىلىدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلىدىكى ئۆيىدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان، يېشى بەش ياشتىن يۇقىرى كىشىلەرنىڭ سانى **8905** ئىكەن. بۇ سان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئامېرىكادىكى جامائەت، سورۇن ياكى جامائەت پائالىيەتلىرىگە داۋاملىق قاتنىشىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى شتات ۋە شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن: ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىرجىنىيە بىلەن مەرىلەند شتاتى، كالىفورنىيە شتاتىنىڭ لوس ئانجېلېس ۋە سان فرانسىسكو رايونلىرى، تېكساس شتاتىنىڭ خيۇستون شەھىرى، نيۇ يورك شتاتى، ماساچۇسىتس شتاتىنىڭ بوستون شەھىرى ۋە ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ سىياتىل شەھىرى.

ئامېرىكا تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى، ھەمدە ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئەللەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۆز جامائىتى ئىچىدە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەت-ھەرىكەتلەرنى ئەڭ دەسلەپتە يولغا قويغان دۆلەت بولۇپ، بۇ دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ئامېرىكا دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ مەركىزى بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتلاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ياخشى شەرت-شارائىتلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئامېرىكىدا بىر ياش ئەۋلات ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرى ۋۇجۇتقا كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكادا ھازىر ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ يۈكسىلىۋاتقان، سىياسىي سەھنىلەردە قەھرىمانلارچە رول ئالىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر سىياسىي قوشۇننىڭ ئەزا سانىمۇ ناھايىتى تېز چوڭىيىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئەڭ كۆپ، ۋە داڭلىق شىركەتلەردىكى مۇھىم كەسپىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئەڭ كۆپ دۆلەت، دېسەك خاتالاشمايمىز. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ھازىر ئامېرىكادىكى خاۋارد، **MIT** ، يېيل، ستانفورد قاتارلىق دۇنياغا ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بار. شۇنداقلا دۇنياغا داڭلىق چوڭ شىركەت ۋە بانكىلاردا، ھەمدە ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپە ئالغان ئۇيغۇرلار بار. ئۇنداق ئورۇنلاردىن ئاقسارايى، ئامېرىكا دۆلەت مىنىستىرلىكى، يېمەكلىك-دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى(**FDA**)، ناسا (**NASA**)، فايزىر (**Pfizer**)،فېيسبۇك، گۇگۇل، ئالما شىركىتى، ۋاللز فارگو بانكىسى، ۋە كايزېر دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار بار.

در. ئەركىن سىدىق تەييارلىغان

# ئاياللار ھەققىدە تەلقىنلەر



نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى ۋە  ئۆتكۈر پىكىرلىك يازغۇچىسى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 1974-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 2017-يىلى 12-ئايدا دادىسى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم قاتارلىق پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان.

## ئايال، ئائىلە ۋە خىزمەت

يەر شارىلىشىش ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىزگە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئاياللارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئەرلەرگە ئوخشاش تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتى كېڭىيىپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن كەسىپ ۋە خىزمەتنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ئائىلە ۋە پەرزەنتكە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاشقان ئاياللار ئارىمىزدا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاياللار ئائىلىدە ھېرىپ-چارچايدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، بالىسىنىڭ تۈگىمەس جاپالىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئايىغى چىققۇدەك بولغانىنى يەسلىگە، يەتتىگىمۇ توشمىغاننى ئالدىراپ تەييارلىق سىنىپقا بېرىپ ئارام تاپىدىغان، ياسىنىپ، جابدۇنۇپ، سىرتقا چىقسا، چايغا بارسا باشقىچە روھلىنىپ خۇشاللىنىدىغان غەيرى نورمال پىسخىكا ئاياللىرىمىزدا ئاۋۇپ قالدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى مۇشۇنداق نورمالسىز قىلمىش ئىجابىي ئەھۋال سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى. ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئۆزىنى كەسىپكە، خىزمەتكە ئاتىۋەتكەن ئاياللار شەرەپ مۇنبەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلغان بىر ئايالنىڭ پالەچ بولۇپ قالغان ئېرىنى ئۆيدە قويۇپ، كېسەل كۆتۈش خىزمەتچىسى ياللاپ، كونبويى ئۇ پائالىيەت، بۇ يىغىن دەپ تالادا يۈرىدىغانلىقىنى ماڭا بىرسى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ھالبۇكى، شۇ ئايال ئانىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، رادىيو، تېلېۋىزوردا ئائىلە، پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرەتتى.

****

دۆلەتنىڭ خارابلىقى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن باشلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئۆز رولىنى يوقاتقان ئائىلىنىڭ كۆپىيىشىدىن باشلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىللىتى ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيەتتىن باش تارتقان ئايالدىن باشلىنىدۇ.ئەرنىڭ ھەققىنى تونۇغان ۋە جايىدا ئادا قىلغان ئايال ئىنسابسىز ئەرنى كوچىدىن تارتىپ ئەكىرىپ ئائىلىنىڭ بېجىرىم تۆۋرۈكىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئانىلىق بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزەلىگەن ئايال ئىنساب-دىيانەتلىك، غەيرەت-شىجائەتلىك، بىلىملىك پەرزەنتلەرنى ئۆز ۋەتىنىگە تەقدىم ئېتەلەيدۇ. ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇلۇغلۇق ماقامى ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولامدۇ؟ ھاياتتا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ. ئەمما بۇلار مۇھىملىقتا، قىممەتتە، ئەھمىيەتتە ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم دەل ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ ئەڭ زۆرۈرىنى باشتا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكىنى كەينىگە تىزىپ بېجىرىشنى بىلگەن ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلماي تۆتىنچى ئورۇندىكىسى ئۈچىنچىسىنىڭ ئالدىغان ئۆتىۋالسا، بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىكى ھەممىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالسا، راۋاج تاپالماي سۆرىلىپ يۈرگىنىمىز يۈرگەن. بىر —بىرىنى تولۇقلاپ، ھاياتنى تاكامۇللۇققا ئىگە قىلغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ يارىتىلىشتا تەقسىم قىلىنغان مەجبۇرىيىتى بار. ئەر ۋە ئايالنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاجايىپ ماس كەلگەن بۇ تەقسىماتتا ئىلاھى ھېكمەت چاقناپ تۇرىدۇ. قارىسىڭىز بۇنىڭ باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، جەمئىيەت قانچە تەرەققىي قىلسۇن، ئايالنىڭ ئاياللىق ۋە ئانىلىقتەك مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممىتى ۋە تۆھپىسى ھەرقانداق كەسىپتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا تۇرۇپ، خىلمۇخىل خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. لېكىن ئانىنىڭ ئائىلىدىكى ۋە ئەۋلادلارنى بېقىپ تەربىيەلەشتىكى مۇھىم رولى ئۆزگەرمەيدۇ. ئاياللار مۇناسىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنسە بولىدۇ، ئەمما شەرت شۇكى، بۇ ئائىلە بەختى، پەرزەنت تەربىيەسىنى زايە قىلىۋېتىش ھېسابىغا بولماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. ئاياللىق ۋە ئانىلىقنى ئالىي شەرەپ بىلگەن، ئۇنى ھاياتتا ئېرىشكەن بەختى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۆلچىمى قىلالىغان ئاياللار كۆپ يەردە بەرىكەت ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپىدۇ. ئۇنداق جەمئىيەت پەزىلەتلىك ۋە ئىناق جەمئىيەت بولىدۇ، ئۇنداق ئائىلە بەخت شوللىرى پارلىغان ئائىلە بولىدۇ.

## ئايال ۋە پەرزەنت تەربىيىسى

بىر سالىھە ئايال ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغان ۋە داۋاملىق پاناھ تىلەيدىغان ئىشىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن باللىرىمنى تەربىيەلەشتە مەغلۇب بولۇشتىن ئەڭ قورقىمەن. مەن ئۇچۇن جېنىمنى يېنىمغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ تۇغقان، ياشلىقىمنى، ۋاقتىمنى، زېھنىمنى، ئىلكىمدىكى سەرپ ئەتكىلى بولىدىغان جىمى نەرسەمنى خورىتىپ تۇرۇپ بېقىۋاتقان باللىرىمنىڭ يارامسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇنچلۇق ئىش يوق. شۇڭا مەن ياخشى تەربىيە ھەققىدە توختىماي ئىزدىنىمەن. باش قاتۇرىمەن. ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى باللىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمەن.» ئارىمىزدا مۇشۇنداق دېيەلەيدىغان ئانىدىن قانچىسى باردۇ؟ خىزمەت ئاز كەلگەندەك، توي-تۆكۈن، چاي، ئولتۇرۇش، ئادەمگەرچىلىك، بازار چۆگىلەش دېگەنلەر ئاياللىرىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىگىلىك. ئەمما بۇلاردىن ئېرىشكەن تايىنى يوق خۇشاللىق ۋە ھۇزۇركەلگۈسىدە يارامسىز پەرزەنت ئۈچۈن تۆككەن بىر تامچە ياشقىمۇ دال بولالمايدۇ. مەن خېلى تۇزۇك ھېسابلايدىغان بىر ئانا گەپ ئارىسىدا سەككىز ياشلىق ۋە 13 ياشلىق ئىككى قىزىنى ئويناتتىپ كېلىش ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش كۆلۈبىغا ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ چەكچەيگەن كۆزۈمگە قاراپ: «ۋاي، قورقماڭ، ئەرلەر سەل نېرىراقتا چۆمۈلىدۇ، ئاياللار بىلەن بىر كۆلچەكتە ئەمەس» دېگەن ئىدى. ئاز كۈندىن كېيىنلا ماڭا 13 ياشلىق قىزىنىڭ بىر ئوغۇل بىلەن يۈرۈۋالغانلىقى، تېلېفونىنى تارتىۋېلىپ، كومپيۇتېرنى تىقىۋېتىپ، ھەتتا دادىسى ئۇرسىمۇ گەپ ئاڭلىماي، يەنە شۇ بالا بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىدىمۇ سۆرىشىپ يۈرگەنلىكىدىن دادلاپ بەردى. ئەجەپلەنمىدىم. شەرمى –ھايا، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئانا قىزلىرىنى كەينىگە سېلىپ، ئەر، ئاياللار يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرىدىغان يەرلەرگە ئاپارغانىنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە شۇنداق بولاتتى.

## ئايال ۋە كىتاب

تەنىنىڭ ئوزۇقى تائام بولسا، روھىنىڭ ئوزۇقى ئىلىم –ھېكمەت. ئانىنىڭ قەلبى پەرزەنتىنىڭ مەكتىپىدۇر. كىتابقا ھېرىس ئانىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇغان ئىلىم-مەرىپەت نۇرى پەرزەنتكە ئەڭ ياخشى تەربىيەنى بېرىپ، ئۇنىڭ ھايات يوللىرىنى يورىتىدۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ قولىغا كىتاب ئالمايدىغان ئانىنىڭ قەلبى قۇپقۇرۇق بولۇپ، نە ئۆزىنى يورۇتۇشقا، نە پەرزەنتىنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە يارىمايدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا كىتاب ئوقۇماسلىق مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر. ھەتتاكى كىتاب ئوقۇماسلىق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەيلى ئاران ساۋادى بارلار بولسۇن، ياكى ئالى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەر بولسۇن، بىز ئاياللاردا كىتابقا بولغان ئىشتىياقنى كۆرەلمەيمىز. قاراپ باقساق خىزمەت تەلپى، ئۇنىۋان ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن، ئىنسانىي كامالەت ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان ئاياللار بەك ئاز. كۆڭلۈمىزنى بەكمۇ يېرىم قىلىدىغىنى، ئاياللار سورۇنىدا ئىلىم بىلەن كىتابتىن بۆلەك جىمى گەپ– سۆزلەر بولۇنىدۇ. بىزدەك جامائەتچىلىك ئېڭى كۈچلۈك مىللەتلەردە چاي، ئولتۇرۇشلار بەك كۆپ. نېمىشقا ھېچ بولمىسا مۇشۇ يەپ-ئىچىش، بىھۇدە پاراڭدىن باشقا ئىش يوق سورۇنلىرىمىزنى ئىلىم سورۇنىغا، ياخشى كىتابلارنى ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىدىغان، مۇلاھىزە قىلىدىغان سورۇنغا، پەرزەنت تەربىيەلەش ھەققىدە ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، بۇ ھەقتىكى ياخشى كىتاب، ياخشى ئۇسۇل-چارە، تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرمايمىز؟

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، ھېچكىم ئۇلارغا كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى، ئۇنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك. يەنە بىرى، كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، تۈرتكە بولىدىغان، قوللايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت، شەرت-شارائىت ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ بولماسلىقى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارا كىتاب ئوقۇش، ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بىز زور ئىشتىياق بىلەن ئۆزىمىز يازغان ماقالىلەرنى ئۆزىمىز جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچىلىكنى تالىشاتتۇق. ئويلىسام كىتابقا بولغان ئاشۇنداق رىغبەت بالىلارنى دەسلەپتىلا كىتابقا باغلايدىكەن. رۇسىيەلىك لونا چارسكى مۇنداق دېگەن: «كىتاب ئوقۇمايدىغان ساۋاتلىق ئادەم نېمىگىمۇ ئەسقاتار؛ بۇنداق ئادەم يەنە تەكرار ساۋاتسىزلىققا مەھكۇمدۇر.» ھەقىقەتەن كىتاب ئوقۇماسلىقنى ساۋاتسىزلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

***

ئاياللار ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك. ھەرۋاقىت ئەرنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان پاراسەتلىك، مېھىرلىك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك. يارامىلىق پەرزەنت تەربىيەلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك. ئائىلىنى بەخت قورغانىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىرىك ھۈجەيرىسى بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇ تەرىزدە يازساق كىتاب ئوقۇشقا بولغان مىڭلاپ ئېھتىياجنى يېزىش مۇمكىن. ئايالنىڭ ۋاقتى چەكلىك ۋە تولىمۇ قىممەتلىك. شۇڭا خۇددى دوستنى تاللاپ تۇتقاندەك، كىتابنى تاللاپ ئوقۇش، قايسى مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇشمۇ تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلە. مەن بىر قىسىم ئاياللارنى تونۇيمەن. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇمايدۇ دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. بىراق ئوقۇغىنىدىن ھېچبىر مەنپەئەت، ئۇنۇم ھاسىل قىلالماسلىقتا ئۇلار كىتاب ئوقۇمىغانغا باراۋەر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى پۈتۈنلەي توقۇلما ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا يېزىلغان ئاددىي تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىدىكى ئىشقى مۇھەببەتتىن ئۆزگە پارالڭ يوق ھېكايە، رومانلاردىن ئىبارەت. كىتاب ئوقۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش، كىتابتىكى ئىلىم – ھېكمەت، ئىلغار ئىدىيە، ئاكتىپ تەپەككۇرنى ئۆگىنىش ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشتۇر. ئەمما ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا كاللا كەتمەيدىغان، بىزنى ئويلاندۇرالمايدىغان، تەپەككۇرغا باشلىيالمايدىغان كىتابلارنى ئوقۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ھەزىم قىلىش ئاسان، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى كىتابلار ئاياللىرىمىزنىڭ تاللاش دائىرىسىدىن نېرى تۇرۇشى كېرەك. كىلاسسىك دىنىي ئەسەرلەر، ئەدەب-ئەخلاق، پەرزەنت تەربىيەسى، تارىخ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان، شۇنداقلا مەشھۇر يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە ھەقىقىي نەپ بېرىپ، ئەقىل قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. بىزدە ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئويغۇتىدۇ. بىزگە ئالىيجاناب مەسلىھەت بېرىدۇ. كىتاب بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىزنى خۇددى ئوت مايىنى ئېرىتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ ئادەم تەربىيەلەش كۈچى ھەتتا مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئالغان بىلىمنىڭ قۇدرىتىدىن چوڭ. ئابدۇراھمان جامىنىڭ كىتاب ھەققىدىكى مۇنۇ مىسرالىرى ئاياللىرىمىزغا ئۆرنەك بولسىكەن دەيمەن.

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغان ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ھاياتلىقنىڭ قارا مەرمىرى ۋە ئۇنى رەڭگارەڭ نۇر چاچقۇزۇش

فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ

نۇرغۇن ھاللاردا بىزنى بوزەك قىلىدىغىنى سىناقلار ئەمەس بەلكى سىناقلارنىڭ روھىمىزدا قالدۇرۇپ كەتكەن تارتۇقلىرىنىڭ كۆڭلىمىزنى قايتا-قايتا يېرىم قىلىشىدۇر. تارتۇقلىرىمىزغا مەلھەم ئىزلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، بىر گۈزەل قىز چىرايلىق رۇخسارىنىڭ بىر كىچىك تارتۇق بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمىغاندەك، روھىمىزمۇ ساقايغان يارىلارنىڭ تارتۇقلىرىدىن ئازاد بولۇپ ھاياتىمىزغا قايتىدىن نۇر چېچىشنى خالايدۇ.

مېنىڭ ئىسمىم فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ، سىرلىق ۋە يىراق ماكان شەرقىي تۈركىستانغا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بىر ئۇيغۇرمەن. نۆۋەتتە ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھىرىدە جۈپتۈم ئابدۇل باسىت مۇنىس بىلەن ياشاۋاتىمەن. كەسپىم گىئوپەنلىرى، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ قىلىدىغان باشقا قوشۇمچە كەسپلىرىم بولسا يېزىقچىلىق، شېئىرىيەت، بىر پۈتۈن ئاسىرىلىش ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. بۈگۈن يارىلىنىپ ساقىيىۋاتقان روھىمنىڭ ھەممىمىزنىڭ روھى بىلەن تۇتۇشۇش خىتابى ئۈچۈن سىلەرگە بەزى كەچمىشلىرىمنى بايان ئەيلەيمەن.

ھاياتلىق ھەرخىل رەڭلىك مەرمەرلەر بىلەن تولغان بىر چوڭ خالتىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بىر سېھىرلىك خالتا بولۇپ، بىزنىڭ خاھىشىمىزغا باقماستىن ئۆزى خالىغان يوسۇندا بىزگە ھەر خىل رەڭلىك مەرمەرلەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئاق رەڭلىك مەرمەرنى ئاسانلىققا ئوخشاتساق، بەزىدە سېھىرلىك خالتا بىر نەچچە ئاق رەڭلىك مەرمەرنى كەينى-كەينىدىن بىراقلا بىزگە بېرىپ، ھاياتىمىزنى مۇۋەپپىقىيەت ۋە خۇشاللىق، روھىمىزنى مەرۋايىتتەك نۇرلۇق قىلىپ بېزەيدۇ.

ئەگەر قارا رەڭلىك مەرمەر تاشنى قىيىنچىلىققا سىمۋول قىلساق، بۇ تاش بەزى چاغلاردا سېھىرلىك خالتىدىن توختىماي سەكرەپ چىقىۋېلىپ بىزنى قىيناپ ھالىمىزنى

قويمايدۇ. بۇ تاشلارنىڭ بەزىسى ئائىلىمىزدىكى يېقىن كىشىلىرىمىزنى مەڭگۈلۈك يوقىتىشنى تۇتقۇزسا، يەنە بەزىسى كەسپىمىزدە ۋاقىتلىق مەغلۇپ بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى چاغلاردا بۇ قارا مەرمەر تاش بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزگە ئېغىر تاشلارنى ئارتىپ بىئارام قىلسا، يەنە بەزىدە ئۆزىمىز خالىمىغان خاتالىقلار شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ ئاق ۋە قارا رەڭلىك مەرمەرلەر بەزىدە ئارىلاش، بەزىدە كەينى-كەينىدىن توختىماي سېھىرلىك خالتىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ بىر نەچچە يىل جەريانىدىكى قارا تاشلارنى سىلەرگە ساناپ بېرەلەيمەن.

2016-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئامېرىكىدا دوكتۇرلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە تۇنجى ئېرىم بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئايال ئىدىم. تۆت كۈنلۈك دوكتۇر كاندىدات ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، يالغۇز ئىشخانىغا ئېرىشىپ، كۈندە دېگۈدەك تەجرىبىخانا بىلەن ئىشخانامنىڭ ئارىسىدا قاتراپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىمنى ئىككى يىل ھەتتا بىر يېرىم يىلدا تۈگىتىش پىلان ۋە ئارزۇسىدا تىرىشىۋاتقان بىر ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى ئىدىم. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپ ئاسارەتكە مۇپتىلا قىلغان ئېرىمنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ ياخشىلىنىپ قالغاندەك، قارا مەرمەر تولا پۇتلاشقان نىكاھ ھاياتىمىزمۇ سەل ئىزىغا چۈشۈپ قالغاندەك بىر نىسپى تېنچلىق ھاياتىمدا ھۆكۈم سۈرىۋاتقان بولۇپ، ئاخىرى ئاق مەرمەرنىڭ ھاياتىمغا كىرىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتىدە مەستخۇش بولۇپ يۈرىۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداق بىر كۈنلەردە، تۇيۇقسىزلا بىر قارا مەرمەرتاش پىشانەمگە قاراسسىدە تەگدى: يولدىشىمنىڭ مەن كەچۈرەلمەيدىغان بىر ئېغىر خاتالىقنى يىللاردىن بۇيان ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قالدىم.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دەقىقە پۈتۈن دۇنيا مەن ئۈچۈن تىنچلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، ھەتتا قۇشلارنىڭ تېۋىشىمۇ يوق ئىدى. بۇ سۈنئي تېنچلىق ھاياتىمدا بىر نەچچە ئاي داۋاملاشتى. مەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىمۇ ئەمما نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمايتتىم. بولۇپمۇ يولدىشىمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھېچقانداق سۆزنى چۈشىنەلمەي، ئۆيدە تۆت تامغا قادالغان پېتىم ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. بىردىنلا ھاياتىنىڭ مەرمەر خالتىسى تېشىلىپ بارلىق مەرمەرلەر روھىمنىڭ پولىدا دومۇلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتەتتىم، يەنە ئورنۇمدىن تۇرسام يەنە تېيىلاتتىم، مەن ئۆزۈممۇ خالىمىغان ھالدا بىر غەلىتە قىزىقچىغا ئوخشاپ قالغان ئىدىم: يۈز – كۆزلىرىمدە يارىلانغان قىزىل-يېشىل ئىزلار ۋە چاچلىرىم ۋەيرانە ھالدا ھاياتلىقنىڭ سەھنىسىدە ئەڭ جالدۇر-جۇلدۇر كىيىملەر بىلەن يىقىلىپ-قوپۇپ ناتونۇش تاماشىنبىلارغا ئويۇن قويماقتا ئىدىم. بۇ ئويۇن قانچىلىك داۋام قىلىدىكىن بىلمىدىم، ئەمما بىركۈنى تۇيۇقسىزلا «مەن ياردەم سورىشىم كېرەك» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم ۋە شۇ كۈنىلا دوختۇرۇمنىڭ تەشەببۇسى بويىچە پىسخىك مەسلىھەتچىسىگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم.

مەن ئۆسۈپ يېتىلگەن زېمىندا پىسخىك مەسلىھەتچىلىرى يوق، بىز ئائىلە بويىچە توپلىشىپ ياشايمىز ۋە غەم-قايغۇ، خۇشئارام تۇيغۇلىرىمىزنى ھەرزامان ئائىلىمىز بىلەن ئورتاقلىشىپ، تەڭ كۈلۈپ تەڭ يىغلاپ ياشايمىز. شۇنداق بولغاچقىمۇ، سۈيى ساپ، ئاسمىنى كۆك، قۇملىرى ئالتۇنرەڭ ماكانىمدا پىسخىك مەسلىھەتچىسى دېگەن گەپنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. 36 يىللىق ھاياتىم مۇستەقىل چىقىرىلغان قارارلار ۋە قىينچىلىققا يولۇققاندا ئائىلە ۋە ئىشەنچلىك دوستلىرىمدىن ئالغان مەسلىھەت ۋە مۇھەببەتلەر بىلەن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك ياشناپ كېلىۋاتقان ئىدى، ياكى مەن شۇنداق ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىدىم. تۇيۇقسىزلا غەرب سېستىمىسىنىڭ پىسخىك مەسلىھەتچىلىكىگە كۆنۈش ۋە «يات كىشىلەر» نىڭ ھاياتىمغا «مەسلىھەت» بېرىشىگە تەن بېرىش ئاسانغا توختىمىدى. بىز شەرق كىشىلىرى كۆپىنچە ھېسسىياتلىرىمىزنى بەك ئوچۇق ئىپادە قىلىپ كەتمەيمىز، سائەتلەپ روھىمىزنىڭ ئاغرىقلىرى ھەققىدە سۆزلەشمەيمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ «ئاجىزلىقلىرى» نى ئاشكارە ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا «مېدىتسىنالىق داۋا» ئىزدىمەيمىز. بىز پەقەت تاماق دوستىخىنىدا، ئائىلە يىغىلىشلىرىدا، نەزىر-چىراقلاردا، ئارىلاپ ئۇرۇلغان تېلېفونلاردا ۋە ياكى ئائىلىمىزگە يېزىلغان سالام خەتلەردە «روھى» مىزنىڭ ساقسىزلىقى ھەققىدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمىز. بۇ ئىشارەتلەر نۇرغۇن ھاللاردا «ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق ئوخشايدۇ، سەۋر قىلايلى» دېگەندەك ئىنكاسلار بىلەن قايتىپ كېلىدۇ ۋە بىزمۇ شۇنىڭغا قانائەت قىلىشقا ۋە «مەسىلىلەر» نى شۇنداق «ھەل قىلىشقا» كۆنۈپ قالغان.

شۇڭلاشقا، پىسخىك مەسلىھەت سېستىمىسىنىڭ بىرگە بىر، روبىرو ئولتۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ سېھىرلىك خالتىسىنىڭ تېشىلىپ كەتكىنى ھەققىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىنغا توختىغان بىر جەريان بولدى. بىز شەرقلىكلەر يەككە ئەمەس كوللىكتىپ پىكىر قىلىشنى ياقتۇرىمىز. شۇنداق بولغاچقا غەربنىڭ يەككىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان ۋە شەخسنىڭ ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان پىسخىك مەسلىھەت ئۇسۇلى ماڭا شەخسىيەتچىلىكتەك بىلىنىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزۈمنىڭ

«كوللېكتىپچان» ئەمەس ئەكسىچە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر «شەخسىيەتچى» ئەبلەخ ئىكەنلىكىدىن ئەنسىرىتىپ يۈردى. شۇنداقتىمۇ 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان پسىخولوگىيە ئىلمى بىلەن روھانىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ئۇسۇل بىلەن روھى ساغلاملىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىسخىك مەسلىھەتچى خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر نەچچە سائەتلىك مەسلىھەتتىن كېيىن ئۆزۈمدىكى مەسىلىلەرنى قورۇنماي ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتمەي تۇرۇپ بايان قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆندىلىك تۇرمۇشۇمدا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشقا باشلىدىم.

جەين خانىم ماڭا ئائىلە ئاسارىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇچرىغان ئاسارەتلىرىم ۋە ئۇنىڭ روھىم ۋە بەدىنىمگە ئەپكەلگەن زىيانلىرى ھەققىدە تەپسىلى چۈشەنچە بەردى ۋە بۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىش ۋە ساغلام بىر ھاياتنا ياشاش توغرىسىدا تولىمۇ ئەتراپلىق پىلان ۋە مەسلىھەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭغا يانداپ ئېنىرگىيەلىك داۋالاش، ساغلام ئوزۇقلىنىش، ماڭا كۆپ يىل ئاسارەت قىلغان يولدىشىمنىڭ داۋاملىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىخەتەرلىكىم ۋە ساغلاملىقىمنى ئويلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپ تۇرۇپ نۇرغۇن پىكىر-تەكلىپ ۋە يوللارنى كۆرسەتتى. جەيىننىڭ ياردىمى بىلەن ئائىلە ئاسارىتى ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولدۇم ۋە بۇلارنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، يولدىشىمدىن تەلتۆكۈس ئايرىلىپ كەتتىم. ئاسارەتچى يولدىشىم بولسا مېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن دەپ كۆپ قېتىم تەھدىت سالغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈم بولۇشى ۋە چوقۇم بىر بەختلىك ۋە ساغلام تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمغا بولغان ئىشەنچمنى يوقاتمىغان ھالدا توغرا قارارىمدا چىڭ تۇردۇم.

بايا دەپ ئۆتكىنىمدەك بىز شەرقلىكلەردە ئائىلە مۇھىتى تولىمۇ قويۇق بولۇپ، مەن ئاجرىشىپ كېتىش قارارىغا كەلگەندە يەنە قايتىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە كىشىلەر ئاسانلىقچە ئاجراشمايدۇ،ئەكسىچە ئامال بار يارىشىپ بىللە ئۆتۈپ كېتىش يولىنى تاللايدۇ. بۇ گەرچە نۇرغۇن نورمال ئائىلىلەرگە نىسبەتەن توغرا تاللاش بولسىمۇ يەنە نۇرغۇن ئاسارەتلىك ئائىلىلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنى بىر ئۆمۈر بەختسىزلىككە باشلايدىغان ئامال بولۇپ، مەن ئاجرىشىپ كېتىش قارارىمنى ئۆيدىكىلەرگە ئوچۇق ئېيتىشىم ۋە ئۇلارنىڭ ئويلىرىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. مىڭ ئەپسۇسكى مەن ئۇچۇن ئائىلە مەسلىھەتلىرىنى بېرەلەيدىغان ئەقىللىق ئاپام ۋە ئالدىن كۆرەر، قورقماس دادام، ئامراق ئىنىم ۋە قىزلارنىڭ ئەڭ نازۇك ھىسلىرىنى ئىنچىكە چۈشىنەلەيدىغان سىڭىلىملار بىلەن سائەتلەپ پاراڭلىشىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ۋە پىكىرلىرىنى ئېلىش شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەسەللى ۋە مۇھەببىتىگە چىلىنىپ تۇرۇپ، ئاجرىشىشتىن ئىبارەت قاپقارا ۋە سوپسۇغۇق مەرمەر تاشقا تاقابىل تۇرۇشتەك بەخت ماڭا نىسىپ بولماي قالدى.

بۇ بەخت ماڭا نىسىپ بولماي قالدى، چۈنكى مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم مەجبۇرى يوسۇندا ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىم بىلەن 2017-يىلىدىن بۇيان ھېچقانداق ئالاقە قىلالماي كېلىۋاتقان ئىدىم. بۇ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ چەت – يېزىلاردا ياشاپ، تېلېفون ۋە ئىنتېرنىتلارنىڭ بولمىغانلىقىدا بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە ياشاپ، باشقا دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەجبۇرى ھالدا يىغىۋېلىش لاگىرلىرىغا سولانغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ئاتا-ئانام، ئىنىم ۋە سىڭلىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، بىزنىڭ 70 پۈشتىمىز بۇ قەدىمى ۋە مەدەنى ماكاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىدى. ئائىلەم ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ، ئۇيغۇر مەدىنىيتىدە ياشاپ، ئۇيغۇرنىڭ تائاملىرىدا چوڭ بولۇپ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن باشقا 4 مىليون ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ئورتاق قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە خۇشال ياشاش ھوقۇقلىرىدىن مەجبۇرى ئايرىلىپ، تەقدىرى نائېنىق ھالدا نامەلۇم لاگىر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان ئىدى. ئۇلار مېنىڭ تېلېفونۇمنى ئالالمايتتى، ئۆزلىرىنىڭ قانداق تۇرىۋاتقانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلمەيتى. مەنمۇ ئۇلارغا قانچىلىك ئازابلارنى چېكىۋاتقانلىقىمنى، قانداق يالغۇزلۇق تارتىۋاتقانلىقىمنى دەپ بېرەلمىگەندەك، ئۇلارمۇ ماڭا ئۆزىنىڭ لاگىر ۋە تۈرمىلەردە قانداق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى، ھاياتىنىڭ قانچىلىك ئېغىرچىلىقتا ئۆتىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەلمەيتتى. مەن ئۇلارغا سېغىنچىم ۋە مۇھەببىتىمنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىم، پەن-تېخنىكا ئەڭ تەرەققىي قىلغان، گۈگۈلدىن ئىزدىسە ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان 21-ئەسىردە، دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان مەن دۇنيانىڭ يەنە بىر غوجا ئاكىسى دەپ ئاتىلىۋاتقان خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئائىلە ئەزالىرىمنى تاپالماي قالدىم. شۇنداق، شەخسى تۇرمۇشۇم ئەڭ قىيىن چاغلاردا ئائىلەمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ھاياتنىڭ سېھرىلىك خالتىسىدىن چىقىدىغان قارا مەرمەرلەر تېخىچە تۈگىمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ خالتىنى مالتىلاپ ئاق مەرمەرگە ئېرىشىشنى توختىتىپ قويماسلىق كېرەك ئىدى. بىر يىل مابەينىدە جەين خانىمغا داۋاملىق كۆرۈنۈش، ھەر ئىشىنىڭ كەينىدە بىر ھېكمەت بارلىقىغا چىن دىلىمدىن ئىشىنىش، ساغلام ئويزۇقلىنىش، ساياھەت قىلىش، ئەردىن ئاجرىشىش قاتارلىق ئاكتىپ پائالىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ، جانلىق ۋە تېتىك بولۇپ قالغان ئىدىم. ئادەملەر ۋە مۇھەببەتكە بولغان ئىشەنچىممۇ ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، قەلبىمگە يەنە بىر نىكاھنىڭ نۇرى كىرىپ كېلىۋاتاتتى ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە: «بىز يەنە بەختلىك بولالايمىز» دەپ تەسەللىي بېرىۋاتاتتىم. خالتىمىزدىن بىزگە ئاق مەرمەرنى تاللاپ بېرىدىغانلار بەزىدە يېقىن دوستلىرىمىزمۇ بولۇپ، مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامېرىكىلىق بىر دوستۇم مەن بىلەن قايتىدىن ياتلىق بولۇش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھازىرقى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى بىلەن بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇپ مېنىڭ تېخى ياش ئىكەنلىكىمنى، داۋاملىق بەختىم ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ماڭا تەسەللىي ۋە كۈچ بەردى. ئاجرىشىش جەريانىدا مەن ھەممە دوستلىرىمدىن قاچىدىغان، ئادەم خالىمايدىغان ۋە ئۆزۈمدىن نومۇس ھېس قىلىدىغان بوپقالغان بولۇپ، پىسخىك داۋالىنىش جەريانىدا بۇلارنىڭ ئاجراشقان كىشىلەردە بولىدىغان نورماللىق ئىكەنلىكىنى، ئاجرىششنىڭ مەن ئويلىۋالغاندەك نومۇسلۇق ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغاندەك «ناچار ۋە ئاجىز» ئايال ئەمەسلىكىمنى بىلىپ يەتكەن ئىدىم. بۇ پىسخىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېقىن دوستلىرىم بىلەن قايتا ئالاقە ئورنىتىشىم كېرەكلىكىنى ماڭا تەسەللىي بەرگىلى ئىزدەپ كەلگەن دوستۇمنىڭ سەمىمىي تىلەكلىرىدىن قايتا ھېس قىلدىم ۋە دوستلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

تۇرمۇش بەزىدە رەڭلىك ۋە يېقىملىق مەرمەرلەرنى بىزگە ھەدىيە قىلىدۇ. مەڭزىم قىزىرىپ، ئۇيقۇم ياخشىلىنىپ يۈرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھازىرقى يولدىشىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ كىشى تولىمۇ ئەقىللىق، لوگىكىلىق، پىسخىك بىلىملەردىن خەۋەردار، ھېسسى كۆرسەتكۈچى يۇقىرى ۋە بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەن، ئاقكۆڭۈل ۋە باتۇر كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇنى ئۆزەمنى توختاتقان ھالدا ياقتۇرۇپ قالغىنىمنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىخەتەر ۋە تېنچ، ئارزۇلىرىمىز بىرلەشكەن بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىمىزغا كۆڭلۈمدە بارغانسىرى ئىشەنچ تۇغۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى يىل بۇرۇن ئامېرىكىدىكى دوكتورلۇق تەتقىقاتىمدىن ئىستىپا بېرىپ، سىدنىيغا يەرلەشتىم ۋە ئۇزاق ئۆتمەي تويىمىز بولۇپ ھازىرغىچە ئاسارەتسىز، خۇشال ۋە بەختلىك ياشاپ كېلىۋاتىمىز.

بۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتقۇم كېلىدۇ، ئاپام بىلەن سائەتلەپ پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى تۇرمۇشۇم بىلەن ھازىرقى ھالىتىمنى سېلىشتۇرۇپ مەندىن ئەنسىرىمەسلىكنى دېگۈم، دادامغا قىزىدىن پەخىرلىنىشنى ئېيتقۇم، ئىنىمغا ھەدىسىنىڭ ياخشى تۇرىۋاتقانلىقىنى، سىڭلىمغا بولسا ئۇنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمىزنى دەپ بەرگۈم كېلىدۇ. ھەر قېتىمدا سىدنىينىڭ گۈزەل دېڭىز بويلىرىدا، پالما دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدا تىنچ ۋە خاتىرجەم ئارام ئېلىۋاتقىنىمىزدا ئۆيدىكىلەرنىڭ قانداق مۇدھىش جايلاردا، قايسى قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا، خاتىرجەمسىزلىككە تولغان كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىم ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالىمەن. بۇ ئەسلەشلەر پەقەت ماڭىلا خاس ئەمەس بولۇپ، ئەتراپىمدىكى ھەممە ئۇيغۇر دوستلىرىم ۋە ۋەتەنداشلىرىم ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولىۋاتقان، ئۇلارنىڭ روھى قىينىلىپ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي ياشاۋاتقان ئىدى. سىدنىيدىغا كەلگەندىن بۇيان ئۇچراشقان ھەرقانداق ئۇيغۇر ماڭا ئۆزىدىكى ھەرخىل پىسخىك نورمالسىزلىق ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى دەيتتى. تورلاردا پىسخىك ساغلاملىقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئېلان قىلسامىمۇ، نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇرلار ماڭا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىز-دېرەكسىز يوقىتىپ قويغاندىن بۇيان ئۆزىدىكى پىسخىك بېسىملارنىڭ بەكمۇ ئارتىپ كەتكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا قارىتا قانداق ئامالارنى قوللىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سوئاللارنى سورىشاتتى.

بىز ئاجىزلاپ قالغان چاغلاردا ھاياتىمىزدا بىزگە ياردەم بېرىپ، بىزنى كۈچلەندۈرىدىغان كىشىلەر دائىملا ئەڭ ئېسىل سوۋغات سۈپىتىدە ھاياتىمىزغا كىرىدۇ. يولدىشىم دەل مۇشۇنداق ئېسىل سوۋغاتلارنىڭ بىرى

بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشۇمنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن ئىنتايىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالغاندىن باشقا يەنە، پىسخىك ساغلاملىقىمغا تەپسىلى كۆڭۈل بۆلۈپ، روھىمنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا قېلىپ قالغان يارا ۋە تارتۇقلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەمدە بولىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭلا ئەمەس ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ دەرد-ئەلەملىرىنى بايان قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇ ماڭا ناھايىتى ئەمەلىي بىر تەكلىپنى بەردى: نېمىشقا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆگەنگەن پىسخىك بىلىملىرىڭىزنى خەلقىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۇلارغا ياردەم قىلمايسىز؟ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، ئاسارەت ۋە ئەسلىگە كېلىش تېمىسىدا سېيستىمىلىق لېكسىيە تەييارلاپ، ئېنگىلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر تور تېلېۋىزىيىسىدە 8 ھەپتە ئارقا-ئارقىدىن بۇ مەزمۇنلارنى مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىگە يەتكۈزدۈم. خەلقىمىزگە ئاسارەتنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەكس تەسىرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، سېيستىمىلىق پىسخىك مەسلىھەت ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشىغا ياردەملەشتىم ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، غەرب پىسخىكا ئىلمىنىڭ بىزدەك شەرق خەلقىگىمۇ ياردەم قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە كۆز قاراش ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى كىشىلەر پىسخىك مەسلىھەت ئېلىشقا باشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتلەردىن ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ماڭا داۋاملىق ئېيتىپ بېرىپ تۇردى.

مەن يەنە ئەتراپىمدىكى دوستلىرىمغىمۇ ئەمىلىي ياردەم قىلىشنى ياقتۇرىمەن. ئۇلارنىڭ خالتىسىدىن قارا مەرمەرنىڭ چىقىشى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇلارغا ئاقمەرمەر بېرەلمەيدىغانىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئوينىڭ تۈرتكىسىدە ئۆتكەن يىلدىن بۇيان «سىدنىي ئۇيغۇر ئايالالار گورۇپپىسى» دا پىدائىي تەرجىمان بولۇپ، ستارتىس تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاسارەتتىن ئەسلىگە كېلىش يوگا دەرسلىكىنى نەق مەيدان تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۆسمۈرلەرگە پىسخىك ساغلاملىقنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۈچ قېتىم لېكسىيە بەردىم. ستارتىس يېقىندا ئورۇنلاشتۇرغان 7 ھەپتىلىك -«تۇيغۇنلۇق» دەرسىدە كەسپى تەرجىمان بولۇپ، ئۇيغۇر خانىملىرىغا ئاسارەتكە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇھىم قورال -- تۇيغۇنلۇقنىڭ توغرا ۋە كەسپى يەتكۈزۈلىشىدە مۇھىم رول ئوينىيالىدىم.

مەن بىر ئىنساننىڭ تەجرىبىسىنىڭ كۆپلىگەن ئىنسانلارغا ياردىمى بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىمدىن ئىشىنىمەن، شۇڭلاشقا ئاسارەتتىن ئەسلىگە كېلىش، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇش، بەختسىز تەقدىرنى بەختلىك قىسمەتكە ئايلاندۇرۇش، قارا مەرمەردىن ئاق مەرمەرنى چىقىرىشتەك بۇ جەريانلاردا يەكۈنلىگەن ھېسسىي تۇيغۇلىرىمنى بىر شېئىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتىم ۋە ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدا نەشىر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىمنىڭ ئوقۇشىغا سۇندۇم. بۇ تەجرىبىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ھەدە-سىڭىللار، ئاكا-ئىنىلەرگە پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق، بىز تۇرمۇشنىڭ ئەتە بىزگە قانداق مەرمەر سۇنىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيمىز، ھاياتلىق تاسادىبىيلىققا تولغان جەرياندۇر، ئەمما بىز شۇنى بىلىمىزكى، ھاياتلىق مەرمىرىمىز قارا رەڭلىك بوپقالغان چاغلاردا بىزگە نۇر بېغىشلاپ تۇرىدىغان پىسخىك خادىملارنى، بىزنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىمىزنى تىلەيدىغان دوستلىرىمىزنى، بىزنى سۆيىدىغان ئائىلە ئەزالىرىمىزنى ۋە ھەممە ئىشلارغا ھېكمەت يوشۇرغان ئاللاھنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى.

دوستلار، مەن بۇ نۇتۇقنى يېزىۋاتقان ھازىرقى مىنۇتلاردا ئائىلەمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداقلىقى ماڭا يەنىلا قاراڭغۇ، لېكىن مەن بوشاشمايمەن ۋە كەلگۈسىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن، ھەممەيلەننىڭ ھاياتلىقىنىڭ سېھىرلىك خالتىسىدىن داۋاملىق ئاق مەرمەر چىقىشىنى، قارا مەرمەر چىقىپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭ ھامان رەڭگارەڭ ياكى ئاق مەرمەرگە ئايلىنالايدىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن، ھەممەيلەنگە رەھمەت.

ئىزاھات: فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھنىڭ بۇ يازمىسى پىسخىك ساغلاملىق ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىندى.



# مۇراد ئەپەندى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۆھپىكار ئۇستازى ۋە ئۇنتۇلغان دوستى مۇراد ئەپەندى ھىجرىيە 1272 - 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ، يەنى مىلادىيە 1855 - يىلى 25 - دېكابىر ئەينى ۋاقىتتىكى قازانغا قاراشلىق ئۇفا ۋىلايىتىنىڭ ( ھازىر ئۇفا باشقۇردىستاننىڭ پايتەختى بولۇپ ، رۇسلار قازاننى تاتارىستاننىڭ، ئۇفانى باشقۇرىستاننىڭ مەركىزى قىلىپ ، بىر پۈتۈن قازان خانلىقى تەۋەسىنى پارچىلىۋەتكەن) مىنزەلە ناھىيىسى - ئەلمەت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . شۇڭا « مىنزەلەۋى » ، « قازانى » ، « مەككى » قاتارلىق تەۋەلىك تەخەللۇس ناملىرى بىلەن داڭلىق بولۇپ ، ھەر بىر نامىنىڭ بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى باردۇر.

## نەسەبى ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدە :

مۇراد ئەپەندىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد مۇراد ئىبنى باھادىر شاھ ئىبنى ئادىلشاھ بولۇپ، مۇراد ئەپەندى 1598 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغان سەۋەپلىك 1599 - يىلى مۇنقەرىز بولغان، موغۇلستان خانلىقىنىڭ قوللىشىدا تۆمۈرلەر خانلىقى ( 1370 - 1507 ) نى مۇنقەرز قىلغان ، شەيبانىخان قۇرۇپ چىققان « ئۆزبېك شەيبانىلار خانلىقى( 1499 - 1599)» نىڭ 16 - ئەسىردىكى ئارال كۆلىدىن، ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان ئۆزبېك - تۈركمەن ۋىلايەتلىرىدە ھۆكۈمدار بولغان « بىكچۇراخان » نىڭ نەسلىدىندۇر . بوۋىسى ئادىل شاھ « ئەلمەت » ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندى. مۇراد ئەپەندى دەسلەپكى باشلانغۇچ تەربىيە ۋە تەلىمنى دادىسى باھادىر شاھ ( باتۇر شاھ ) ئابدۇللا ۋە مۇئەللىمە ئانىسى ئابىستەي ئۇستاز بېكەدىن ئالغان . ئاندىن كېيىن يېزىسىدىكى مەدرىستە ئانا تەرەپ تاغىسى، توشقان موللا ھەسەنۇددىن دېگەن كىشىنىڭ يېنىدا تاكى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئەرەپچە ، لوگىكا، ئېتىكا ئەخلاق ئىلمى ، فىقھى ( ئىسلام ئاساسى قانۇنى بىلىملىرى ) ۋە ئىلمى كالام( ئىلاھىيەت) ئۆگەنگەن .

## ئىلىم ئېلىش يولىدىكى مۇساپىرلىق ھاياتى:

1873 - يىلى 18 ياشلىق ياش يىگىت مۇراد قازانغا بېرىپ ، داڭلىق شاھابىدىن مەدرىسىگە تاللانغان . ئەمما بىلىم قۇرۇلمىسى كۈچلۈك بولغاچقا ، قىسقا ۋاقىتتىلا بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ، بۇخارا ۋە ماۋارائۇننەھىر ئىلىم مەركەزلىرىنى نىشانلاپ قازاندىن ئايرىلغان . يول ئۈستىدە « ترۇسكىي شەھىرى » دە ئىككى يىل توختاپ ، موللا

شەرەفىددىن مەدرىسىسى ۋە موللا مۇھەممەتجان مەدرىسىسىدە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئېگىلىگەن . بۇ يەردە نەقشبەندىيە شەيخى زەينۇللا رەسۇلدىن پايدىلىنىپ تۇرغان. ئاندىن كېيىن تاشكەنتكە بېرىپ ، بەزى بۈيۈك ئالىملاردىن دەرس ئالغاندىن كېيىن ، 1876 - يىلى بۇخاراغا قاراپ يول ئالغان . ئۇ يەردە موللا ئابدۇللا ئەل سەرتاۋى قازانى ، موللا ئابدۇشكۇر تۈركمەنىنىڭ ھۇزۇرىدا دەرسلەرنى ئوقۇپ ، شۇ يىل ئىچىدە قايتىدىن تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەن. بۇ نۆۋەت مۇراد ئەپەندى تاشكەنتتىكى بىر يېرىم يىللىق مۇساپىرلىق ھاياتىدا ئالتايلىق شەيخ ئابدۇلمۆمىن ئىشان ۋە تاشكەنت ئەتراپىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالارنىڭ تەسىرىدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەن . 1878 - يىلى ھەج قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافغانىستانغا ، ئاندىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ ، بومباي ئارقىلىق سۇ يولى بىلەن يىل ئوتتۇرىلىرى جىددىگە يېتىپ كەلگەن. شۇ يىلى دېكابىردا ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ ، مەدىنىگە كەلگەن. مەدىنىدە 1879 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمىن ئاغا ، شىپا ۋە مەھمۇدىيە مەدرىسىلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي ئىجازەت ئالغان . بۇ جەرياندا نەقشبەندىيە مۇجەددىدى ( يېڭىلىق ئىسلاھاتچىسى) شەيخ مۇھەممەد مەزھەرنىڭ يولىغا كىرگەن .

1880 - يىلى مەككىدە يېقىن يۇرتداشلىرىدىن مۇھەممەد شاھنىڭ قىزى ئەسما خېنىم بىلەن نىكاھلانغان مۇراد رەمزى ئەپەندى ، 1883 - يىلى ئانا ۋەتىنىگە قىلغان نەچچە ئايلىق زىيارەت ۋە ساياھەت پائالىيەتلىرىدىن كېيىن نامەلۇم بىر « راھەتسىزلىك ۋە ئەنسىزلىك » تۈپەيلىدىن قايتا مەككىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ مەككىدە ئۇستاز ئابدۇلھەمىد داغىستانى، ئابدۇراھمان سىراج ۋە سۇرۇر سۇدانىنىڭ دەرسلىرىگە قېتىلغان .
1884 - يىلى ئۇستازى ۋە جەدىتچى ئۆلىما مۇھەممەد مەزھەرى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئابدۇلھەمىد داغىستانى تەڭلا ۋاپات بولغان . ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ مەككە مۇپتىسى مۇھەممەد سالىھ زەۋاۋىنىڭ سۆھبەت ۋە دەرسلىرىگە ئىشتىراك قىلغان. بىر يىل ئۆتۈپ ، مەدىنىگە يۆتكەلگەن مۇپتى مۇراد ئەپەندىنىڭ ھەر جەھەتتە پىشقان ياش ئالىمغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ۋە جاۋالىق ( ھىندونىزىيەدە) بىر شاگىرتىغا 1885 - يىلى ئاپرىلدا مەدىنىدىن ئالاھىدە خىلاپەتنامە ئەۋەتكەن . ياندۇرقى يىلى مەككىگە كەلگەندە ئۇلارغا تون كىيدۈرگەن . بۇ ئارىدا مۇراد رەمزى ئەپەندى « رەشاھات » نى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىپ شەيخىگە سۇنغان . ئاندىن شەيخىنىڭ ئىستىكى بويىچە « مەكتۇبات » نى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. مۇراد ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇ بۇ جەرياندا « تەسەۋۋۇپ ( سوپىزىم ) » نىڭ كلاسسىك ئاتا

كىتاپلىرى ، بولۇپمۇ « فۇتۇھاتى مەككىيە»« فۇسۇسۇل ھىكەم » قاتارلىق كوزىر كىتاپلار ۋە شەرھلىرىنى ئوقۇپ چىققان . مۇھيىدىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ قاراشلىرىدىن خەۋەردار بولغان . ئەڭ مۇھىمى مەككىدىكى ۋاختىدا ئەھمەد تۇمۇرنىڭ دادىسى مۇھەممەد رىشت جارۇللانى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان .

## جاھان كېزىپ كۆپنى كۆرگەن باسقۇچى :

مۇراد ئەپەندى 1902 - ، 1904 - ، 1907 - ، 1909 - ، 1914 - يىللىرى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئۇدا سەپەر قىلىپ ، قازان ، ئىستانبۇل ۋە بىپايان تۈركىستان شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولغان . ئەڭ ئاخىرقى زىيارىتىنى ئوغلى فەھمى مۇراد بىلەن بىرلىكتە بۇخارا ، تاشكەنت ، قوقەند ۋە ئەنجاندا ئېلىپ بارغان . ئاندىن قازانغا قايتىپ كېلىپ ، تۈركىيە ئارقىلىق مەككىگە قايتماقچى بولغاندا ، چاررۇسىيە بىلەن ئوسمانلىلار سۇلتانلىقى ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ ، بىر يىل قازاندا تۇرۇپ قالغان . دەرۋەقە 1914 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر كۈنى ئوسمانلىنىڭ گېرمانىيەدىن ئالغان ئىككى ھەربىي پاراخوتى چاررۇسىيەنىڭ سېۋاستوپول ۋە ئودېسسا پورتلىرىنى بومباردىمان قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسلار ئوسمانلىغا جەڭ ئېلان قىلغان . 12 - نويابىر بۇ ئۇرۇش دۇنياۋى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ ، كېيىنچە ھەر ئىككى رەقىپ ئىمپېرىيە ھالاك بولغانىدى . بىر يىلدىن كېيىن ئۇرۇش توختىمىغاچقا، ئورىنبۇرگنىڭ« توز توبا» تەۋەسىدە مۇدەررىس ۋە ئىمام بولغان ئاتا جەمەت تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇسلىھىددىن نوغايبېكنىڭ يېنىغا كەتكەن . ئەمما رۇسلارنىڭ تەقىپى كۈچىيىپ كېتىپ ، 1915 - 1917 - يىللار ئارىسىدا « نەزەربەنت ئاستىدا ياشاش» قا مەجبۇر بولغان .

1917- يىلى فېۋرالدا چارپادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ، ئورنىغا چىققان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت خەلققە نىسبەتەن چەكسىز ئەركىنلىك بەرگەن . رۇسىيە تاكى شۇ يىلى ئۆكتەبىرگىچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلانغان . بۇ ۋاقىتتا مۇراد ئەپەندى خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي بىر خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدىكى نامى مەشھۇر تاتار مۇتەۋەرلىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە ھەر قايسى ساھەلەردە ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلاپ كەتكەن . ئەمما بۇ ھەرىكەت تېخى ئۈنۈمىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپلا ، 1917 - يىلى « بولشېۋىكلار » ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قوزغاپ ، 7 - نويابىر پېتىربۇرگدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇن « قىشلىق سارايى» نى ئىشغال قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بولشېۋىكلار ھەر قايسى رۇس مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئېزىلگەن مىللەتلەرگە يالغان مۇستەقىللىق ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىپ ، چاررۇسىيەدىن قالغان زېمىنغا تولۇق ۋارىسلىق قىلماقچى بولغان .

مۇراد ئەپەندى خۇددى ئابدۇقادىر داموللام 1919 – يىلى بولشېۋىكلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرھال قەشقەرگە كېلىپ ، خەلقنى ئويغىتىپ، 1949 – يىلى ۋەتىنىمىزنى باسقان ئاپەتكە قارشى 30 يىل بۇرۇن تەدبىر تۈزگىنىدەك ، مۇراد رەمزى ئەپەندىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق ئاكا – ئۇكا سودىگەرلەر مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ ، 1919 – يىلى ۋەتىنىمىزنىڭ چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ يەرلەشكەن . شەرقىي تۈركىستاندىكى قايناق بۇ شەھەردە داۋام قىلغان ئۈزۈن يىللىق ئىمامىلىق ۋە مۇدەررىسلىك ھاياتىدىن كېيىن ، 1934 – يىلى 2 – ئاپرېل قۇربان ھېيتىنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى دۈشەنبە چۆچەكتە ۋاپات بولغان . ( مەزكۇر تارىخىي مەلۇمات ئەھمەد تۆمۈر تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، ئالىمنىڭ يۇرتدىشى ، ئەسىردىشى ۋە مەسلەكدىشى مەرھۇم ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان مۇراد ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىنى 1935 – يىلى 5 – ئۆكتەبىر دەپ خاتىرىلەپ قويغان . ( « بۈگۈنكى تۈركىستان تۈركلىرى » ، 542 – بەت)

## ئاخىرقى سەپىرى ۋە يەرلىشىپ قېلىش :

مۇراد ئەپەندى 1902 ، 1904 ، 1907 ، 1907، ۋە 1914 – يىللىرى ئوسمانلى تۇپراقلىرى ۋە ئىشغال ئاستىدىكى تاتارىستان ۋە تۈركىستان تۇپراقلىرىدا جاھان كېزىۋاتقان يىللاردا خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ كەبى 50 ياشتىن ھالقىپ بولغان بولۇپ ، 50 يىللىق ھاياتى ھەر قايسى قاتلاملاردا چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىلىم ئىگىلەش بىلەن ئۆتكەنىدى . تازا ئوخشاپ مېۋە بېرىدىغان ۋاقىتتا دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ، بولۇپمۇ ئالىمنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىدىكى ئوسمانىيە ، چاررۇسىيە ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ ، 1905 – يىلى چاررۇسىيەدە قوزغىلاڭ پارتلاپ ، چارپادىشاھنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالغان . 1908 – يىلى ئىراندا خەلق قوزغىلىپ ، ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيەنىڭ يامان نىيىتىنى سۇغا چىلاشتۇرغان ، ئىستانبۇلدا 1908 – يىلى ھەربىي ئىنقىلاب يۈز بېرىپ ، 1909 – يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد تەختتىن چۈشۈرۈلگەنىدى . شەرقتە ياپونىيەنىڭ باش كۆتۈرۈپ ، چاررۇسىيەنى 1905 – يىلى قاتتىق مەغلۇپ قىلىشى ، بولشېۋىكلەرنىڭ رۇسىيەدە تېز ئىناۋەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولغان بولسا ، ئىسمائىل غاسپىرالى رۇسلار پان سلاۋىيىزمىغا قارشى قوزغىغان تۈركچىلىك ئوسمانلىلاردىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنى زورايتقان . تاتارلار ، تۈركلەر ، پارسلار ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئەزەلدىن دۈچ كېلىپ باقمىغان ھەر خىل يېڭى ئىدىيە ۋە مەپكۇرىلەر ئارىسىدا تېڭىرقاپ قالغان . بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى بەس – بەستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆز خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە تىرىشچانلىق

كۆرسەتكەن . تاتارلاردا چاررۇسىيە يىقىلغاندىن كېيىن نوپۇزلۇق ۋە پۇختا سىياسىي سەرخىللار ئوتتۇرىغا چىققان .

مۇراد ئەپەندى 1914 – يىلى مەككىگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىدا 1 – دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ چېگرا تاقىلىپ قالغاچقا ، قازاندا بىر يىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان . 1915 – 1917 – يىللىرى ئورېنبۇرگدا نازارەت ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان مۇراد ئەپەندى شۇ يىل كۈزدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېلىپ چىققان قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ، كارۋان باشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىۋاتقان ئاكا – ئۇكا مۇھىتلەرنىڭ ياردىمىدە چۆچەككە كېلىۋالغان . ئەھمەد تۆمۈر ۋە داڭلىق تارىخچى زەكى ۋەلىدى توغان مۇراد ئەپەندى 1919 – يىلى چۆچەككە كەلگەن دەپ قارىسا ، ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە مۇراد ئەپەندىنىڭ 1917 – يىلىنىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىقىپ ، 1918 – يىلى چۆچەككە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلماقتا .

## تاتار خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسىدىن قىسقا بايان :

تاتار خەلقى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى بىللە ياشاپ كەلمەكتە. تاتار خەلقى  دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئاسىيا بىلەن ياۋروپا تۇتىشىدىغان جايلاردا ياشىغاچقا، باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بۇرۇنراق تەرەققىي قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سانائىتى تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگەن. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلگەن. تاتارلاردا ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپ سوكنو توقۇش، تېرە-كۆنچىلىك، مىس ئېرىتىش، كېمسازلىق قاتارلىق ھۈنەر-كەسپ كارخانىلىرى قۇرۇلغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاتارلار ئىسلامىيەتتىن باشلاپ 20-ئەسىرگىچە ئەرەب يېزىقىنى، 1919-يىلدىن كېيىن لاتىن يېزىقىنى، 1939-يىلدىن كېيىن سلاۋيان يېزىقىنى قوللانغان. تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قانداشلىقى، تىل ئورتاقلىقى، تېرىتورىيە تۇتاشلىقى، دىنىي ئېتىقاد بىرلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە قويۇق مۇناسىۋىتى بار. تارىختىن بېرى ئارىلىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۇرۇق-تۇققان، قۇدا بولۇشۇپ كەلگەن. مۇشۇنداق ئالاھىدە ئۆزگىچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە تاتار خەلقى مۇھىم رول ئوينىغان.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، تۈرپانلىق مەھسۇد مۇھىتى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار رۇسىيە تەۋەسىدىن كۆپلىگەن تاتار زىيالىيلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. 1913-يىلى رۇسىيە تەۋەسىدىن ھەيدەر ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى ئەكەلدۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇرات ئەپەندىنى (1934-1853) قازاندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. مۇرات ئەپەندى ئاۋۋال چۆچەك شەھىرىدە، 1929-يىلدىن كېيىن تۈرپاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ چاغدا تۈرپان ئاستانىدا «مەخسۇدىيە» نامىدىكى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلگەن.

**مۇراد ئەپەندى ۋە ئۇيغۇرلار :**

مۇراد ئەپەندى ( 1855 - 1934 ) تاتار خەلقىنىڭ داڭلىق دىنىي ئالىمى بولۇپ ، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد مۇراد رەمزى . ئۇ 30 ياش ۋاختىدىلا سوپىزىم ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ئاتا كىتاپلىرىدىن « رىشاھات » ، « مەكتۇبات » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى پارسچىدىن ئەرەپچىگە ، « قۇرئان كەرىم » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە ختايدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان .
ئۇ يەنە چۆچەكتە ھەم دىنىي بىلىملەر ، ھەم پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ قۇرغان . بۇ ئەينى ۋاقىتتا بىر يېڭىلىق بولۇپ ، چۆچەكتىكى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشتە بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىغان .
مۇراد ئەپەندىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ ، ئانىسىنىڭ تېگى قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە . مۇراد رەمزى ئەپەندى قازان شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، ئالتە يېشىدىن باشلاپلا دادىسىدىن « قۇرئان » ئوقۇشنى ئۆگەنگەن . توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئەرەب تىلى توغرىسىدىكى دەسلەپكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن . 11 يېشىدىن 18 يېشىغىچە تاغىسى ئىسمائىلغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ، سەمەرقەد ، ئەنجان، تاشكەنت ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايلاردىكى داڭلىق ئالىملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1880 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن مۇراد ئەپەندى تاشكەنتتىكى دىنىي ئالىملار قاتارىغا قوشۇلۇپ ، شۇ يەردىكى دىنىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتكەن . بۇ مەزگىلدە ئۇ سوپىزىم ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۆزىنىڭ سوپىزىم نەزەرىيىلىرىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاساس سالغان.

1881 - يىلى مۇراد ئەپەندى بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغ جاي مەككە - مەدىنىگە بېرىشقا بەل باغلاپ ، لاھور ، كاراچى ۋە بومباي يولى بىلەن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان . كېيىن مەدىنىگە بېرىپ « ئەمىر » ۋە « شىپا » مەدرىسىلىرىدە سەككىز ئاي ئوقۇپ، ئاخىرىدا مەھمۇدىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن . مۇراد ئەپەندىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، مۇراد ئەپەندى مەھمۇدىيە دارۇلئۇلۇمىغا ئوقۇشقا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئوقۇش خىراجىتىنى تاپشۇرالمىغاچقا ، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنمىغان ئىكەن . بىراق بىلىم ئېلىش ھەۋسى كۈچلۈك بولغان مۇراد ئەپەندى بىر يىل دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان . يىل ئاخىرىدا ئىمتىھاندا ھېچقانداق ئوقۇغۇچى جاۋاپ بېرەلمىگەن قىيىن بىر مەسىلىگە مۇراد ئەپەندى دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ توغرا جاۋاپ بەرگەن . نەتىجىدە شۇ ئارقىلىق رەسمىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان . ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولغاچقا ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان . شۇنىڭدىن باشلاپ « رامزان » تەخەللۇسىنى قوللىنىشقا باشلىغان ۋە « شەيخ » دېگەن نامغا ئېرىشكەن .

ئۇ مەدىنىدە تۇرغان مەزگىلدە سوپىزىم نەزەرىيىلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ، ئىمام رەببانى سۇلۇكىدىكى مەدىنە سوپىزىم گۇرۇھىغا ئەزا بولغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوپىزىمنىڭ مەشھۇر مۇقەددەس كىتابى بولغان « رىشاھات » ۋە « مەكتۇبات » لارنى پارسچىدىن ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان . مەكتۇبات ئىمام رەببانىنىڭ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەكىللىك ئەسەر بولۇپ ، ئۇ پارس تىلىدىكى مۇقەددەس ئەسەرلەر كەڭ تارقالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا زور تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ ، بىراق ئەرەبلەردىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى چەكلىك ئىدى . مۇراد ئەپەندىنىڭ مەكتۇباتنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىشى ئەرەب رايوندىكىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى سوپىزىم نەزەرىيىلىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن .

مەكتۇباتنىڭ تەرجىمىسى 1899 - يىلى پۈتۈپ مەككىدە نەشىردىن چىققان . ئۇزۇن ئۆتمەي باغداتتىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىنغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان. « تەۋارىخى خەمسە شەرقىي » نىڭ ئاپتورى قۇربان ئەلى خالىدى « رىشاھات» ۋە « مەكتۇبات » لارنىڭ ئەرەپچە تەرجىمىسنى كۆرگەندىن كېيىن مۇراد ئەپەندىنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ۋە دىنىي بىلىمگە يۈكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن : « ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ رىشاھاتنى پارسچىدىن ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مەكتۇباتنى تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ قولدىن كەلمەيتتى » .

كېيىن ھەجگە بارغان تۈڭگانلار مەكتۇباتىنىڭ ئەرەپچە تەرجىمىسىنى خىتايغا ئېلىپ كېتىپ ، 1917 - يىلى شاڭخەيدە قايتا باستۇرغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاپ تۈڭگانلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان .

مۇراد ئەپەندى 1912 - 1913 - يىللىرى قازانغا قايتقان . كېيىن يەنە مەككىگە بارماقچى بولغاندا 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ قېلىپ ، غەربىي يول ئېتىلىپ قالغان . مەككىگە شەرقتىن ئايلىنىپ بېرىش توغرا كەلگەچكە ، 1916 - يىلى ئاران شەرقىي تۈركىستان - چاررۇسىيە چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن . بۇ دەل ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسى بولۇپ ، رۇسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئىچىدە تۇراتتى . چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىسيانلارنى باستۇرغان . رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى قازاق ، قىرغىز ۋە تۈڭگانلار چارپادىشاھنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرىنىڭ قۇربانى بولۇشنى خالىماي ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئەمما قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز مىڭ ئاۋام چېگرانى بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كەلگەن . مۇراد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ شۇ قېتىمقى كۆچۈشتە ۋەتىنىمىزنىڭ چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . مۇراد ئەپەندى دەسلەپتە ، ۋەزىيەت مۇقىملاشسا ئاندىن مەككىگە بېرىشنى ئويلىغان . بىراق ۋاقىت ئۇزارغانسىرى چۆچەكنىڭ ھاۋاسى يېقىپ قېلىپ، بۇ يەردىكى تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چۆچەكتە ياشىغان .

ئاجايىپ بىر ۋەقە « مۇراد ئەپەندى تۇرپاندا»:

مۇرات ئەپەندى ئاۋۋال چۆچەك شەھىرىدە، 1929-يىلدىن كېيىن تۇرپاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ چاغدا تۇرپان ئاستانىدا «مەخسۇدىيە» نامىدىكى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلگەن.
1929 - يىلى مۇراد ئەپەندى كونا دوستلىرى ئاكا - ئۇكا مۇھىتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە تۇرپان دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ دەرس ئۆتكەن . نۇرغۇنلىغان خەلق تۇرپاندىن 90 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى داۋانچىڭغىچە ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالغان . بۇ ، ئەينى يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىۋاتقان ئاققۇن خىتاي مىلتارىست جىن شۇرېن ( 1928 - 1934) نى ھەيران قالدۇرغان . مۇراد ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىلمسۆيەر خەلقى ئارىسىدا بۇنچە چوڭ تەسىرى بارلىقىدىن ھەيران قالغان جىن شۇرېن مۇراد ئەپەندىنىڭ بىلىمىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ، ئۇنى

« قۇرئان » نى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرىغان . بىراق مۇراد ئەپەندى خىتايچە بىلمىگەچكە ، « قۇرئان » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا ماقۇل بولغان .
مۇراد ئەپەندى تۇرپاندا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت تۇرمايلا چۆچەككە قايتىش قارارىغا كەلگەن. تۇرپاندىكى دىنىي زاتلار قايتا - قايتا تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلسىمۇ ئۇ رەت قىلغان . شۇ چاغلاردا مۇراد ئەپەندىگە تەلۋىلەرچە چوقۇنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇراد ئەپەندىنى ئېلىپ. قېلىشقا كۆزى يەتمەي ، « ئۆزى قالمىسا ، ئۆلتۈرۈپ جەسىدىنى ئېلىپ قېلىپ تاۋاپ قىلىمىز » دەپ تۇرپاندا مۇراد ئەپەندى ئۈچۈن مازار سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىلىپ كەتكەن . بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇراد ئەپەندى ئالدىراپ - تېنەپلا چۆچەككە ساق - سالامەت كېتىۋالغان .

مۇراد ئەپەندى چۆچەككە قايتقاندىن كېيىن ، ئىككى يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، « قۇرئان » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مۇراد ئەپەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، تەلىم ئېلىپ، ئالىي شاھادەتنامە ئالغان . تەرجىمە 1931 - يىلى تاماملانغان . ئەپسۇسكى بۇ تەرجىمە قولىيازمىسىنىڭ ھازىر نەدىلىكى مەلۇم ئەمەس.

ئۇ چۆچەكتىكى مەزگىلدە قىزىل مەسچىت ( ئىشان سەئىد داموللا مەسچىتى ) دە ئىماملىق قىلغان . ئەمما ئاساسلىقى ئۇيغۇر بازىرى مەسچىتىدە ھەم دىنىي بىلىم ھەم پەننىي بىلىم ئۆگىتىدىغان مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇيغۇر ، قازاق ، تۈڭگان ، تاتار ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مۇراد ئەپەندى گەرچە سوپىزىم پېشۋاسى بولسىمۇ ، ئەمما چۆچەكتە نە ئۆزى مۇرىت توپلاپ ، سوپىزىم گۇرۇھى شەكىللەندۈرمىگەن. نە خەلق ئىچىدە بۇ گۇرۇھ شەكىللەنمىگەن . پەقەت ئۆيىدە تەنھا ھالدا زىكىر - سانا ئېيتىپلا يۈرگەن .

ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇچۇر بېرىشى ، پېشقەدەم شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە قەبرە تېشىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇراد ئەپەندى نە ئەھمەد تۆمۈر خاتىرىلىگەن 1934 - يىلى 2 - ئاپرېل ، نە داڭلىق تارىخچى زەكى ۋەلىدى توغان ئىلگىرى سۈرگەندەك 1935 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر ئەمەس ، بەلكى 1934 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر 79 يېشىدا چۆچەكتە ۋاپات بولغان.

مۇراد ئەپەندىنىڭ ئايالى ئەسمادىن ئايسىما ، ھەسەن ، مۇنىر ، ئانىر ، پاتىمە ۋە ئىستىھار قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل ئىككى قىزى بولغان . بېقىۋالغان ئوغلى ئەسئەتنىڭ تېخى يېقىنقى يىللارغىچە چۆچەكتە ياشىغانلىقى مەلۇم.

زاماندا شلىرى :

مۇراد ئەپەندى ئۆزۈن مەزگىل ئىككى ھەرەمدە نەقشىبەندىيە شەيخى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلىشى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ، شۇنداقلا ئانا يۇرتى ۋە تۈركىيەدىكى پىكىر ۋە سىياسەت ساھەسىدىن يىراق بوپقېلىپ ، رەسمىي بىرەر مۇھىم سىياسىي پائالىيەتلەردە رول ئالمىغاچقا ، ئۆز زاماندا شلىرى بولغان شاھابىدىن مارجانى ، مۇسا جارۇللا ، ئالىمجان بارۇدى ، رىزائىددىن ئىبنى پەخىردىن ، ئىسمائىل غاسپىرالى قىرىمى ، مىر سەئىد سۇلتانغالىيېۋ ، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم ، يۈسۈپ ئاقچۇرا ۋە زەكى ۋەلىدى توغان كەبى تەڭتۇشلىرى ، يۇرتداشلىرى ، زاماندا شلىرى ۋە سەپداشلىرىدەك تونۇلۇپ كېتەلمىگەن . ئۇلار ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار پىكىر ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۈيۈك شەخسلەر ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا مەرھۇم مۇراد ئەپەندى ئەسەرلىرىدە ئاساسلىقى « مۇھەممەد مۇراد رەمزى» ، « مۇراد رەمزى » ، « مەككى » ، « مۇھەممەد مۇراد قازانى » دېگەندەك تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەندىن سىرت ، سىياسىي يازمىلىرىدا « تۇتى » ، « ئەندەلىپ » ، « ئەبۇ ھەسەن » ، « ئەكمەل » ،« م . م . رەمزى » ، « رەمزى » قاتارلىق يېرىم شىفىرلىق تەخەللۇسلارنى قوللانغاچقا ، ئاۋام بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇراد ئەپەندىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان. شۇڭا گەرچە مۇراد ئەپەندى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زاماندا شلىرى تەرىپىدىن يۈكسەك باھالارغا ئېرىشىپ ، ئورنى ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردەك بەك مەشھۇر بولالمىغان. ئەمما بەك تونۇلۇپ كەتمىگەچكە ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىۋالغان . ھاياتى بويى توپلىغان ھەر تۈرلۈك بىلىملىرىدىن خەلقىمىز ئوزۇق ئالغان. مۇسا جارۇللاغا يازغان رەددىيەسىدىن مۇراد ئەپەندىنىڭ « جەدىتچىلەر » ۋە « قەدىمچىلەر» ئارىسىدا قەدىمچىلەرگە مايىل بولسىمۇ ، لېكىن ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇپ ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جۇغلاپ ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تاشلاپ پۈتۈن دىققىتىنى خەلقنى ئاقارتىش خىزمىتىگە قارىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچىگەن.

1 - زەينۇللا رۇسۇلى :

نەقشىبەندىيە شەيخى ، رۇسىيە مۇپتىسى ۋە ئۇستازى بولۇپ ، مۇراد ئەپەندى 18 يېشىدىن 21 يېشىغىچە بۇ كىشىدىن كۆپ پايدىلانغان.

2 - شاھابىدىن مارجانى :
داڭلىق ئالىم ، تارىخچى ۋە ژۇرنالىست ، 1818 - يىلى 16 - يانۋار قازاندا تۇغۇلۇپ ، 1889 - يىلى 18 - ئاپرېل قازان شەھرىدە ۋاپات بولغان.

3 - ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان :
20- ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر تارىخچىلاردىن بىرى بولغان ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان 1890- يىلى 12- ئاينىڭ 10- كۈنى بۈگۈنكى باشقۇردىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشىمباي ناھىيىسىدىكى كۈزەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى ئەھمەدشاھنىڭ مەدرىسىدە باشلانغۇچ تەربىيىنى، 1902- يىلدىن باشلاپ ئۇتەكتىكى تاغىسى ھەبىب نەججارنىڭ مەدرىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان زەكى ۋەلىدى 1908- يىلى قازاندىكى قاسىمىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1909-يىلى قاسىمىيە مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاشۇ مەدرىسىدە تۆت يىل تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتى دەرسلىرىنى ئۆتكەن. 1912- يىلى تۇنجى كىتابى ‹‹تۈرك ۋە تاتار تارىخى›› نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، روسىيە تەۋەسىدە ‹‹ۋەلىدوف›› دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بىر تارىخچىغا ئايلانغان ھەم ئاشۇ كىتابىنىڭ شۆھرىتى بىلەن 1913- يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.1913-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1914- يىلىنىڭ باشلىرىدا قازان ئۇنىۋېرسىتېتى نامىدىن قەدىمكى قول يازمىلارنى تەتقىق قىلىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ۋە پەرغانە قاتارلىق شەھەرلەردە ئۈچ ئاي ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. بۇ زىيارىتىنىڭ دوكلاتى پېتېربورگ ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى، قازان ۋە تاشكەنت ئارخېئولوگىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ مەجمۇئەلىرىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ زىيارىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ‹‹قۇتادغۇ بىلىگ››نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى بايقاپ، بۇنى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقانلىقىدۇر.

4 - مۇسا جارۇللا :
چارروسىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە بولشېۋىكلار دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى تاتارلارنىڭ « تەجەللىي ھەزرىتى » ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر سىياسىيونى بولۇپ ، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەيخۇل ئىسلامى دەپ نام ئالغان . 1878 - يىلى 24 - ئاۋغۇست قازاندا تۇغۇلغان. 1949 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر قاھىرەدە ۋاپات بولۇپ، خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**5 – ئالمجان بارۇدى :**

رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى مۇپتىسى ، ئوقۇتقۇچى ، ژۇرنالىست ۋە نەقشبەندىيە شەيخى . **1880** – يىلى « مۇھەممەدىيە مەدرىسسى » نى قۇرغان. **1918** – يىلى قازاندىكى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتى بولشېۋىكلار تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەن . **1993** – يىلى قايتا ئېچىلىپ ، **2007** – يىلى قازان شەھىرىدە تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي مەدرىسە قۇرۇلغانلىقىنىڭ **125** يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەن .

**6 – ئابدۇرېشىت ئىبراھىم :**

تاتارلارنىڭ « سابىت داموللامى » بولۇپ ، **1857** – يىلى **23** – ئاپرىل سىبىرىيەدىكى تارادا تۇغۇلغان . **12** يېشىدا ھىجازغا سەپەر قىلىپ، **20** يىل تۇرۇپ قالغان . ئاندىن كېيىن رۇسىيەگە قايتىپ دىنىي دەۋەت قىلغان . چارپادىشاھ دائىرىلىرى پىيىغا چۈشكەندە ئوسمانلارغا قېچىپ كەلگەن .

رۇسلار ياپونىيە تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن ، سىبىرىيە ، مانجۇرىيە، كورىيە ۋە ياپونىيەلەرنى زىيارەت قىلىپ ، مالاي ئاراللىرىدىن ئۆتۈپ ، ھىندىستان ئارقىلىق ھەجگە بېرىپ، ئۇ يەردىن يېزىپ بىلەن تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن . ئىتالىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان . **1** – دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشتە تۆھپە كۆرسەتكەن . ئاندىن كېيىن مىسىردا تۇرۇپ بىلىمنى ھەر تەرەپتىن چوڭقۇرلاشتۇرغان. سابىت دامولامنى ئەللامە رەشىد رىزا ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلار بىلەن كۆرۈشتۇرۇپ ، كۆپلىگەن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن .

ئۆمرىنىڭ ئاخىرى ياپونىيەگە يەرلىشىپ، **1939** – يىلى ياپونىيە پارلامېنتىنى « ئىسلام دىنى ياپونىيەدىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى » دەپ باياانات ئېلان قىلدۇرالىغان . **1944** – يىلى **31** – ئاۋغۇست توكيودا ۋاپات بولغان .

**7 – مىر سەئىد سۇلتانغالىيېف :**

تاتارلارنىڭ « ئەخمەتجان قاسىمى »سى بولۇپ ، تارىختا « **3** – دۇنيا ئەللىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلاب ئاتىسى» دەپ ئاتالغان . مۇستاپا كامال پاشادىن ناسىرغىچە كۆپلىگەن لىدېرلار بۇ كىشىنى ئۈلگە قىلىپ ، مىللىي دۆلەتلىرىنى ئۆتتۇقلۇق قۇرۇپ چىققان . ئۇ **1892** – يىلى **13** – ئىيۇل تۇغۇلغان بولۇپ ، چاررۇسىيە يىقىلغاندىن كېيىن ئۇ « قىرىمدىن ئالتايغىچە تۈرك فېدراتسىيىسى قۇرۇش » شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، لېنىن ۋە ستالىن باشلىق بولشېۋىكلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن . ستالىن ھەممە ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، **1928** – يىلى ئۇنىڭ سىياسىي ئىمتىيازىغا چەك قويغان .

نەچچە قېتىم قولغا ئالغان. كېيىن مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان ئابدۇللا روزىباقىيېفمۇ **1938** – يىلى سۇلتانغالىيېزمچى قالپىقى بىلەن. قەستلەنگەن . **1941** – يىلى گېتلىر قوشۇنلىرى موسكۋاغا يېقىنلاپ قالغاندا، ستالىن **1942** – يىلى **28** – يانۋار موسكۋا ئەتراپىدا سۇلتانغالىيېۋنى قەتلى قىلدۇرغان.

**8 – رىزائىددىن پەخرىددىن :**

جەدىتچى ۋە ئىسلاھاتچى دىنىي داھىي بولۇپ ، تاتارلارنىڭ « ئابدۇقادىر دامولىمى» ئىدى . شۇنداقلا مۇپتى ۋە تارىخچى ئىدى. **1859** – يىلى **13** – يانۋار سامارادا تۇغۇلغان . **1936** – يىلى **12** – ئاپرىل باشقۇردىستان پايتەختى ئۇفادا ۋاپات بولغان . بۇ كىشىنىڭ « شەرھى جەۋامىئۇل كەلىم » ناملىق كىتابى ئۇيغۇرلار ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغاندى . **9** – يۈسۈپ ئاقچۇرا : **1876** – يىلى **2** – دېكابىر چاررۇسىيەدە تۇغۇلۇپ، **1935** – يىلى **11** – مارت ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. ئەدىرنە قاپىدىكى شېھىتلىققا دەپنە قىلىنغان . داڭلىق سىياسىيون ، يازغۇچى ۋە تارىخچى .

**9 – يۈسۈپ ئاقچۇرا :**

**1876** – يىلى **2** – دېكابىر چاررۇسىيەدە تۇغۇلۇپ، **1935** – يىلى **11** – مارت ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. ئەدىرنە قاپىدىكى شېھىتلىققا دەپنە قىلىنغان . داڭلىق سىياسىيون ، يازغۇچى ۋە تارىخچى .

**10 – ئىسمائىل غاسپىرالى :**

**19** – ئەسىردە تۈرك – ئىسلام دۇنياسىدا بىر مەيدان « يېڭىلىق ئىسلاھات ھەرىكىتى » قوزغاپ ، « جەدىتىزىم ئاتىسى » ، دۇشمەنلەر تەرەپتىن « پانتۈركىزىم ئاتىسى » دەپ مەشھۇر بولغان ئىسمائىل غاسپىرالى قىرىمدا **1851** – يىلى **20** – مارت دۇنياغا كەلگەن . **35** يىل ئىزچىل ئىسلاھات ھەرىكىتى قوزغاپ، قىرىمدىن چىقارغان ئۇچقۇننى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيادا يانغىنغا ئايلاندۇرغان . ئەنگلىيە ، چاررۇسىيە ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئېرىپ تۈگەي دېگەن خەلقلەردە بىردىنلا ئومۇميۈزلۈك مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغالغان. يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىلا ئون يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ، ئىسلاھاتنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەن . پۈتۈن ئۆمرىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن ئوت يۈرەك داھىي ئىسمائىل غاسپىرالى **1914** – يىلى **11** – سېنتەبىر ، دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا قىرىمدا ۋاپات بولۇپ ، « زەنجىرلىك مەدرىسە» ئىچىگە دەپنە

قلنغان. نۆۋەتتە بىز ئۇيغۇرلار مەرھۇمنىڭ « دىلدا ، تىلدا ۋە ئىشتا بىرلىك » چاقىرىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ھالەتتە تۇرماقتا .

بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات :
نەقشىبەندىيە :
ئەسلىدە خوجا ئەھمەد يەسسەۋى( 1093 - 1166 . ئاقسۇ ، باي سايرامدا تۇغۇلغان . دىۋانى ھېكمەتناملىق ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان ) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان « ئالدى بىلەن كۆڭۈللەرنى فەتھى قىلىپ ، قىلىچ ئارقىلىق كۆپ قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دىنىي ئانا تىلدا چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا چەكتىن ئاشقان ماددىي پاراۋانلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ ، مەنىۋىي دۇنياسىنى ئوزۇقلاندۇرۇش» نىشان قىلىنغان سوپىزىم ئېقىمى بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى غەرپتىكى داڭلىق پېشۋاسى ئىمام غەززالى ( مىلادىيە 1058 ـ يىلى بۈگۈنكى مەشھەدنىڭ (قەدىمكى ئىسمى تۇس) غەزال مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1111 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىسلام كالامىزم ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپىنىڭ پىشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ ، "دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش" ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلغان) شەرقتىكى پېشۋاسى خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ئىدى . كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادا خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندى ( 1317 - 1389 )بۇ ئېقىمنى تېخىمۇ جانلاندۇرغاچقا، بۇ ئېقىم شۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىپ، « نەقشىبەندىيە ئېقىمى/ تەرىقىتى» دەپ ئاتالغان . ئەمىر تۆمۈرنىڭ دەۋرىدە ۋاپات بولغان بولۇپ ، تۆمۈرلەڭ 1389 - يىلدىن 1405 - يىلغىچە بۇ كىشىنىڭ مازىرىنى ئىنشا قىلغان.
« نەقشىبەندى » پارسچە سۆز بولۇپ ، لۇغەت مەنىسى « ئويمىچى ، رەسسام » . ئىشلىتىلگەن مەنىسى « ئاللاھقا بولغان سۆيگۈنى قەلبكە مۆھۈرلەپ نەقشلىگۈچى » دېگەن مەنىدە .

« مەكتۇبات » :
ئىمام رەببانىنىڭ ھاياتى بويى توپلىغان بىلىم ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ جەۋھىرى يىغىلغان كىتاپ بولۇپ ، تۇرلۇك ۋەز - نەسىھەت ، چاقىرىق ، شەرىئەتنىڭ مەقستى ۋە نەقشىبەندىيە تەلىماتلىرىنىڭ سىرلىرى يېشىپ بېرىلگەندۇر. بۇ كىتاپ ئىمام رەببانىنىڭ بارلىق رىساللىرىدىن توپلىنىپ تەييار قىلىنغاچقا « مەكتۇبات » ( مەكتۇپلار ) دەپ ئاتالغان .

« رىشاھات » :
پەخرىددىن ئەلى سافى ( 1532 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ نەقشىبەندىيە شەيخلىرىنىڭ بىئوگرافىيىسىگە دائىر پارسچە ئەسەر .

ئۇندىن باشقا مۇراد ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۆتىۋەرلىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داموللام ، ئابدۇلمۇتائالى خەلپىتىم ، مەسئۇت سەبرى ، ئاكا - ئۇكا مۇھتىلار ، مەمتىلى ئەپەندى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە سابىت داموللاملار بىلەن قويۇق مۇناسىۋتى، ھەتتا ئۇستاز - شاگرتلىق ئالاقىسى بولۇپ ، بۇ تېمىلارنىڭ ھەر بىرىنى ئاكادېمىك شەكىلدە ئايرىم - ئايرىم خەلقىمىزگە سۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ .
مۇراد ئەپەندىنى تۈرك - ئىسلام زىيالىرى ئىچىدە مەشھۇر قىلىۋەتكەن ئەسىرى « تەلفىقۇل ئەخبار ۋە تەلقىھۇل ئاسار فىي ۋاقايىي قازان ۋە بۇلغار ۋە مۇلكى تاتار » ناملىق ئەسىرى ئەسلىدە 1552 - يىلدىن باشلاپ رۇسلارنىڭ ھەر خىل ئاسسىملياتسىيە سىياستى ۋە مەدەنىيەت زىيانكەشلىكى نەتىجىسىدە رۇسلارغا سىڭىپ يوقىلىپ كېتەي دېگەن قازان تاتارلىرىغا مەنىۋى كۈچ ۋە مىللىي ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ ، ئۇلارغا مىللىي كىملىكى، ھەقىقىي تارىخى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى خاتىرلىتىش مەقستىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىپ چىققان . ئەمما بۇ كىتاپ يالغۇز قازان تاتارلىرى ، ۋولگا بۇلغارلىرى ۋە قىرىم ئاستراخان تاتارلىرىنىڭ تارىخىغىلا ئائىت بولماستىن ، بەلكى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ھازىرقى زامانىمىزغىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. بىز شۇ كىتاپنىڭ ۋاستىسىدە « ئۇيغۇر » نامىنىڭ بۇندىن تەخمىنەن 5 مىڭ يىل بۇرۇن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ، « قاراخان دۆلىتى » نىڭ بۇندىن 3200 يىل بۇرۇن قۇرۇلغانلىقى، ئەڭ ئاخىرقى قاراخانلىقنىڭ مىلادى 9 - ئەسىردە قۇرۇلغانلىقى ، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ جاھانگىر ئەمىر تۆمۈرنى قانداق قىلىپ ، 20 يىلغا يېقىن چەكلەپ ، ئاسىيادىكى بىردىنبىر مۇستەقىل تۈرك - ئىسلام. دۆلىتى سۈپىتىدە ساقلاپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق . چۈنكى تۆمۈرلەڭنىڭ ئىستىلاسىدىن ھەتتا شۇ چاغدىكى ياۋروپانى تىترەتكەن ئوسمان ئىمپىرىيىسىمۇ قۇتۇلۇپ قالالمىغانىدى. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش رىۋايەتلىرى ۋە تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تارىخى تاتارلارنىڭ تارىخى بىلەن باغلانغان ھالدا بايان قىلىنغان . بۇ كىتاپنى داڭلىق تارىخچى ۋە يۇرتدىشى زەكى ۋەلىدى توغان ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلغان . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ ئۆزىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » دا بۇ ئەسەردىن كۆپلىگەن نەقىللەرنى كەلتۈرگەن . شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ ئايرىم بىر ئاكادېمىك تېما تەييارلاپ خەلقىمىزگە سۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ .

تەلفقۇل ئەخباردا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن ئۈزۈندە :

مۇراد ئەپەندى تەلفقۇل ئەخبار دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ « چوڭ كۆچۈشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا قېپقالغان ئاھالىلەر جەمئىي 19 قەبىلە بولۇپ، 10 دەريا ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئون ئۇيغۇر، 9 دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. ئارىدىن نەچچە يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىن 10 ئۇيغۇر بىلەن 9 ئۇيغۇر بىرلىشىپ بىر دۆلەت بولغان ۋە ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. بۇلارنى تۇنجى بولۇپ بىرلەشتۇرگەن كىشى قاراخان دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىت زامانىمىزدىن ( 1900 - يىللىرى ) 4895 يىل بۇرۇنقى چاغ ئىدى » دەيدۇ . ئۇندىن باشقا يەنە شۇ كىتاپتا « ئوغۇزخان 116 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، ئورنىغا چوڭ ھەم ئىستىداتلىق ئوغلى كۈنخان خاقان بولغاندا ، دادىسىغا ۋەزىر بولغان « ئەرفال » نى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالغان . ئەرفال ئۇيغۇر قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇنىڭ دۆلەتنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن باشقۇرۇش تەجرىبىسى مول ئىدى . كۈنخان شۇ تەرىقىدە دۆلەتنى ئۇنۇملۇك 70 يىل ئىدارە قىلىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى » دېيىلگەن .
مەزكۇر كىتاپ 1908 - يىلى ئورېنبۇرگدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ ، ئالىم يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى 1895 - يىلى خاتىرىلىگەن بولسا، دېمەك « 4895 يىل بۇرۇنقى چاغ ئىدى » دېگەنلىك ، بۇ تارىخىي ھادىسە مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللىرىدا يۈزبەرگەن دېگەنلىك بولۇپ ، بۇ دەل ئوغۇزخان تۇغۇلۇش ھارپىسىدىكى چاغ ئىدى . شۇنداق بولغاندا 2020 - يىلى بۇ قۇتلۇق ۋە بۈيۈك بىرلىككە ساق 5020 يىل بولغان بولىدۇ . ( 1854 - يىلى مۇزىكانتلار تارىخى ناملىق ئەسەرنى يازغان بوۋىمىز موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىمۇ 1858 - يىلى كەسكىن قىلىپ :« خوتەن ، قەشقەر ۋە يەكەن خەلقى بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگىلى 5858 يىل بولدى » دېگەن . مۇراد ئەپەندىدىن ئەللىك يىل بۇرۇن دېيىلگەن بۇ كەسكىن تارىخىي مەلۇمات بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇردۇ.

20 - ئەسىر تاتارلار ئۈچۈن « قىزىل قىيامەت دەھشىتىنى تېتىغان قانلىق بىر ئەسىر » بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار تاتار داھىيلىرى ۋە يولباشچىلىرى ۋەتىنى ، خەلقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى . ئالايلۇق مۇسا جارۇللا قاھىرىدە، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم ياپونىيەدە ، زەكى ۋەلىدى توغان تۈركىيەدە ، مىرسەئىد سۇلتانغالىيېۋ ئۇرال بويىدا ، مۇراد ئەپەندى بولسا چۆچەكتە ۋاپات بولغان ..تاتارستان ھازىر ئەينى ۋاقىتتىكى مۆتىۋەرلىرىنىڭ مازارلىرىنى قايتىدىن زىيارەت قىلىشنى باشلاپ ، ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنى تونۇشتۇرماقتا .

دەل شۇنىڭدەك يۈز يىل بۇرۇن تاتار خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىك كۈنلەر ئەزىز خەلقىمىز ، بولۇپمۇ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلمەكتە . 21 - ئەسىر« ئۇيغۇر خەلقىگە قىزىل قىيامەت بولغان ئېچىنىشلىق بىر ئەسىر بولۇپ باشلاندى » . 70 يىللىق بالا - قازا يەتمىگەندەك ، مانا ئەمدى مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتىمىز . « ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن ، ئەجداتلىرىنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن مىللەت ھامان ئۆزگىگە ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ ، سىڭىشىپ تۈگەيدۇ». شۇڭا ئۇيغۇرلاردىنمۇ بىر « مۇراد ئەپەندى » چىقىپ ، ئۇيغۇرغا خاس « تەلفقۇل ئەخباردىن » بىرنى مىللەتكە تەقدىم قىلىشى كېرەك . چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئۆز كەچۈرمىشىنى ئۆزى يېزىپ چىقمىغۇچە ، دۇنيا خىتاينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىدۇ .

مەنبەلەر :


1 - ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى     تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرى
2 - « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى     1988 - يىللىق 11 - سان .
3 - « تەلفقۇل ئەخبار »          مۇراد رەمزى .
4 - « شەجەرەئى تۈرك »          ئەبۇلغازى باھادىرخان .
5 - « تاتار ئالىملىرى شەجەرىسى »     نەفئۇللا ئاشىروف .
6 - تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز ( قولىيازما )    ھاجى ئەكبەر يولۋاس.
7 - ئىمام رەببانى ۋە ئەكبەر شاھ ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار .
8 - دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ يازمىلىرىدىكى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار .
9 - ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتى

# تولستوي ئىسلامغا قانداق قارىغان؟



## داڭلىق رۇس يازغۇچىسىنىڭ ئىسلام پەيغەمبىرى ھەققىدىكى رىسالىسى

يوشۇرۇلغان كىتاب

داڭلىق رۇس يازغۇچىسى ل.ن.تولستوي ئابدۇللاھ سۇھراۋەردى (Abdullah al-Suhraverdi)نىڭ 1908 – يىلى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغان. ئاندىن ئۇ ئوقۇغانلىرى ئارىسىدىن تاللاپ بىر پارچە رىسالە تۈزۈپ چىققان ۋە ئۇنى رۇسىيەدىكى «Posrednik» باسمىخانىسىدا نەشر قىلدۇرغان.

رۇس خەلقى، بولۇپمۇ رۇس زىيالىيلىرى تولستوينى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ماقامدىكى سىرلىق شەخس سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر رۇسىيە جەمئىيىتىدە كۈچلۈك ئىسلامغا كىرىش دولقۇنى قوزغايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ك گ ب غا ئوخشاش رۇسىيە ئىستىخبارات ئورگانلىرى مەزكۇر رىسالىنى يوشۇرۇشقا، بۇنى كىشىلەرگە ئۇنتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋە مەزكۇر رىسالىنىڭ نەشر قىلىنىشى (تارقىتىلىشى)غا توسقۇنلۇق قىلغان.

تولستوي ئىسلامنىڭ ئادالەت ۋە باراۋەرلىكىنىڭ، ھەقىقي قېرىنداشلىق ۋە بېغىشلاشنىڭ تىمسالى بولغان بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

### نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ئىلاۋە:

ئىنسانىيەت چوقۇم بىلىشى كېرەك بولغان ئىشلار

تولستوينىڭ ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى رىسالىسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى نەشرىياتچىلارغا تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلەردىن يوشۇرۇپ كېلىنگەنىدى.چۈنكى، دۇنياغا مەشھۇر بۇ يازغۇچىنىڭ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خىرىستىيانلىقتىن كۆپ ئۈستۈن ماقامدىدۇر. ئۇ تەڭرىنى ئىنسان دەپ قارىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى تەڭرىگە باراۋەر قىلغانمۇ ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايدۇ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. بۇنىڭدا باشقا ھېچقانداق سىرلىقلىق ۋە مەخپىيەتلىك يوق»

لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي
(Leo Nikolayevich TOLSTOY)

ۋە بۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ رۇس خەلقىگە يەتكۈزۈشكە بولغان قىزىقىشى دۇنيانىڭ ئەقىدە ۋە كۇلتۇر ساھەسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى.

بىزنىڭ بۇ رىسالىنى نەشىر قىلىشتىكى مەقسىتىمىز بولۇپ باقمىغان ۋەقەلەرنى، ئىدىيەلەرنى، يازمىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئەمەس، بەلكى بىز مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن، ئەمما (باشقىلار تەرىپىدىن) يوشۇرۇپ كېلىنگەن نەرسىلەرنى جامائەتچىلىككە بىلدۇرۇشتۇر. بىزگە نىسبەتەن، تولستوينىڭ «ئەگەر ئىنسانىيەت ھەقىقىي ئاللاش پۇرستىگە ئىگە بولسا، ئەس – ھوشى جايىدا ھەربىر خىرىستىيان ۋە ھەربىر ئىنسان يېگانە ئىلاھى ۋە پەيغەمبىرى بار ئىسلام دىنىنى شەك - شۈبھىسىز قوبۇل قىلغان بولاتتى» دېگەن سۆزى بىر كىتابنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بىلىم ۋە مەناغا ئوخشاش قىممەتلىكتۇر. ئىنسانىيەت بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ كۇلتۇرىدىكى ئۆزگىرىشنى ۋە ئۇنىڭ دەرتلىرىنى بىلىشى كېرەك.

راسىھ يىلماز
فارۇق ئارسلان

## كىرىش سۆز

مەشھۇر يازغۇچى تولستوينىڭ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى رىسالىسى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئالدى بىلەن، تولستوي بۇ رىسالىنى **1909** – يىلى باشقا ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ، خىرىستىيان دىنى ھاكىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان چاررۇسىيەدە نەشىر قىلدۇرغان. تولستوي بۇ ئەمگىكى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رۇسىيە ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇتقان. بىز شۇنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، تولستوي ئۆزىنىڭ رۇسىيەدىكى زور تەسىر كۈچى ئارقىلىق مۇشۇ شەكىلدە رۇس خەلقىنىڭ دىنىي تەپەككۇرىغا (بەلگىلىك دەرىجىدە) تەسىر قىلالىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە، تولستوينىڭ باشقا ئەسەرلىرى داۋاملىق نەشىر قىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «ئاتېزىم» (ئىلاھسىزلىق نەزەرىيەسى)نى خەلققە مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغان بۇ كوممۇنىزم ئىمپېرىيەسىدە «پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى» دېگەن رىسالە بېسىلماي تۇرۇپ قېلىۋەرگەن.

تولستوينىڭ بۇ ئەسىرىگە قارىتا نەشىر قىلىش چەكلىمىسى قويۇلغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، **1978** – يىلى (يەنى تولستوي مەزكۇر رىسالىنى تۈزۈپ ئارىدىن **70** يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن) ئەزەربەيجاندىكى بەزى كىشىلەر تولستوينىڭ مەزكۇر رىسالىسىنى ۋە تولستوي بىلەن دەۋرداش تورك گېنېرالىنىڭ ئايالى ۋەكىلوۋانىڭ تولستوي بىلەن يېزىشقان ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار مەزمۇنلار بار خېتىنى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ژۇرنىلىدا نەشر قىلدۇرماقچى بولغاندا، ئەزەربەيجان ئەسەر تەكشۈرۈش كومىتېتى بۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىگەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، تولستوينىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن يۇكسەك ئىجابىي باھاسى، مەدھىيە سۆزلىرى ئۇلارنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويغانىدى (يەنى ئۇلار تولستوينىڭ نوپۇزى سەۋەبلىك، ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىزم تۈپرىقى بولغان ئەزەربەيجاندا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى). شۇ ئىش سەۋەبلىك، ئەزەربەيجاندىكى بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ژۇرنال چىقىرىشنى توختىتىدۇ ۋە بۇ ئىش ھەققىدە موسكۋاغا ئاشۇ خەتلەرنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنىدۇ. موسكۋا بۇ ئىلتىماسنى تەستىقلىغاندىن كېيىن تولستوينىڭ مەزكۇر رىسالىسى ۋە ھېلىقى خەتلەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ.

**70** يىل دەۋر سۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە دىنىي چەكلىمىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، **1990** - يىلى تولستوينىڭ بۇ رىسالىسى ئۇنىڭ ئانا تىلى بولغان رۇس تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ. رۇسىيەدە ۋالېرىيا پوروخوۋا ( **Valeria Porokhova**) ئىسىملىك بىر ئايال بار. بۇ ئايال بىر ئەرەبكە تەگكەن ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندا **11** يىل ياشاپ، شۇ جەرياندا ئىسلام دىنىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە مۇسۇلمان بولغان. ئۇ قۇرئاننى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان، ئىلاھىيەتچىلەر ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىشكەن. پوروخوۋا خانىم تولستوي تونۇشتۇرغان تېمىلارنى ۋە ئىسلام دىنىنى رۇسىيە تاراتقۇلىرىدا كەڭ تارقىتىشقا جۈرئەت قىلالىغان قەيسەر ئايال ئىدى.

پوروخوۋا خانىم تۇنجى قېتىم سوۋېت تاراتقۇلىرىدا تولستوينىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى ئىسلامىي قائىدىلەر بويىچە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. پوروخوۋا خانىم سوۋېت ھۆكۈمىتى يىللار بويى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بۇ ھەقىقەت ھەققىدە مۇھىم ھۆججەت – ماتېرىياللارنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ بايقىشىغا كۆرە، تولستوي ئىسلامىي قائىدە بويىچە دەپنە قىلىنغان. تولستوينىڭ قەبرىسى ئۈستىدە كرېست بەلگىسىنىڭ يوقلۇقى بۇنىڭ پاكىتىدۇر.

## تولستوينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

لېۋ تولستوي 1828 – يىلى 8 – ئاينىڭ 28 – كۈنى (رۇسىيەنىڭ) تۇلا شەھىرىگە يېقىن جايدىكى ياسنايا پولياناداكى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ ئائىلىسىدىكى تۆتىنچى ئوغۇل ئىدى.

تولستوي تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مومىسى ۋە ھاممىسى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ئۇ بالىلىق مەزگىلىدە فىرانسۇز ۋە گېرمان تىللىرىنى ئۆگەنگەن.

1844– يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرق تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئەمما، ھاراق، قىمار ۋەھاكازا سەۋەبلىك ئوقۇشتىن توختىغان. 1845 – يىلى ئۇ قانۇن ئۆگىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، يەنە ئوقۇشىنى تاماملىيالماي، ئىككى يىلدىن كېيىن مەكتەپتىن ھەيدەلگەن. ئۇ 19 ياشقا كىرگەندە، جەمەتىنىڭ مال – بىساتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنتايىن باي مىراسخورغا ئايلانغان.

ئۇ 1851 – يىلى كاۋكازغا بارغان. بۇ سەپەر ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

1853 – يىلى، ئۇ 23 يېشىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى رومانى «بالىلىق»نى يازغان.
ئۇ 1857 – يىلى گېرمانىيەگە، ئاندىن ئېنگلاند، بېلگىيە ۋە شۋېتسارىيەگە ساياھەت قىلىپ، بۇ دۆلەتلەردىكى مەشھۇر زىيالىيلار بىلەن تونۇشقان.

ئۇ 1861 – يىلى رۇسىيەگە قايتىپ كېلىپ، موسكۋادىكى تونۇلغان دوختۇرلاردىن بولغان بېھرسنىڭ 18 ياشلىق كىچىك قىزى سوفىيا بېھرسقا ئۆيلەنگەن. ئاندىن موسكۋادىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك بازىرىدا مۇنتىزىم ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.

1863 – يىلى، ئۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى يېزىشقا باشلاپ، بۇ ئەسەرنى 1869 – يىلى تاماملايدۇ.

ئاندىن ئۇ 1873 – يىلى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «ئاننا كارېنىنا»نى يېزىشقا باشلاپ، ئۈچ يىلدا بۇ ئەسەرنى تاماملىغان. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ۋە ھاممىسى ئۆلۈپ كەتكەن.

ئۇ 1876 – يىلى ئۆزىنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»دىن كېيىنكى ئۈچىنچى چوڭ رومانىنى «تىرىلىش»نى يېزىشقا باشلىغان.
بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى كۈچلۈك سىلكىنىشلەرگە ئۇچراپ، بۇنىڭ تەسىرىدە ئەسەرلىرىدە ئىلاھ، ئىنسانىيەت، ھايات ۋە ئۆلۈم ھەققىدە تۈرلۈك سوئاللارنى قويىدۇ. ئۇنىڭ «دىن دېگەن نېمە؟»، «ئىۋان ئىلىيچنىڭ ئۆلۈمى» ۋە «ئۆلۈم نامايىشى» دېگەن ئەسەرلىرىدە بۇ خىل تېمىلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

1910 – يىلى 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى، توي قىلغاندىن تارتىپلا باشلانغان ئائىلە ماجراسىغا پەقەت چىدىغۇچىلىكى قالمىغان تولستوي ئايالىغا ئاخىرقى بىر پارچە خەتنى يازغاندىن كېيىن، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۆزلۈكنىڭ، ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە تەڭرى توغرىسىدا ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكەن تولستوي، 1910 – يىلى 11 – ئاينىڭ 20 - كۈنى چەت بىر يەردىكى پويىز بېكىتىدە ئۆپكە ياللۇغى سەۋەبلىك جان ئۈزىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ياسنايا پولياناداكى خىلۋەت بىر يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ.

## «پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى»نىڭ رەسمىي تېكىستى

## ئىنسانىيەتكە ئورتاق تەكلىپ

ئالدىدىكى مەزمۇنلاردا بىز تولستوينىڭ ئىسلامنىڭ بۈيۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان قايىللىقىنى بايان قىلغانىدۇق. بۇ خىل قايىللىقنىڭ شەكىللىنىشىگە، تولستوينىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇغانلىقى ۋە ھىندىستاندىكى سۇھراۋاردى دېگەن كىشى تۈزگەن كىتابنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى سەۋەب بولغان. تولستوي پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى تونۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان رۇس خەلقىگە ۋە ئۆزىنىڭ رۇس زىيالىيلىرى ئارىسىدىكى دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولغان ۋە شۇ ۋەجىدىن، «ئىنسانىيەتكە ئورتاق تەكلىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن تولغان» بۇ رىسالىنى تۈزۈپ چىققان.

تولستوينىڭ ئېتىقادىدەك، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز – ھەرىكىتى، كەڭ قورساقلىقى، پەزىلىتى، ئادالىتى، سەممىيىتى ۋە باشقا جىمىي ئىنسانىيەت تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان ساناقسىز پەزىلەتلىرى ئەس – ھوشى جايىدا ئىنسانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. تولستوي دۇنيادىكى ئەڭ سەممىي كىشىلەرگە ئوخشاش، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ خىل پەزىلەتلەرنى بايقىغان ۋە بۇ بايقىشىنى جاكارلاپ، ئۆز ھېسسىياتىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئىستىگەن. تولستوي تاللىغان تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىن ئۇنىڭ بۇ ئىستىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

«ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن»

«رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر دەرەخ ئاستىغا سايىداش ئۇچۇن چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ قويىدۇ. تۇيۇقسىز بىر كاپىر قولىدا يالىڭاچ قىلىچ تۇتقىنىچە، . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟› دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھ» دەيدۇ. تۇيۇقسىز بىر سىلكىنىش بىلەن كاپىرنىڭ قولىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىلىچنى ئېلىپ: «ئەمدى سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟» دەيدۇ. كاپىر «ھېچكىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇۋېتىدۇ ۋە «ئورنىڭدىن تۇر، قايتىپ كەت» دەيدۇ. ھېلىقى كاپىر ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە «سەن مەندىن ياخشىكەنسەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن شۇنداق بولۇشقا ھەقلىقراق» دەيدۇ. ھېلىقى كاپىر «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ [ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئى رەببىم! ماڭا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاتا قىلسىلا! مېنى سىلىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان قىلسىلا! مېنى سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسىلا! سىلىگە بولغان مۇھەببەتنى مەن ئۈچۈن ئۆز جېنىمدىن، ئائىلەمدىن ۋە مال – مۈلكۈمدىن سۆيۈملۈك قىلىپ بەرسىلە!» [تىرمىزى]

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن:«ھەقىقەت ئاچچىق ۋە كىشىلەرنى خاپا قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنى سۆزلىگىن» [تىرمىزى]

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «مۇسۇلمان قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن» دېگەن، «قېرىندىشىمىز زۇلۇم قىلسا ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟» دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «زۇلۇم قىلغۇچىغا ئۇنى زۇلۇمدىن چەكلەش ئارقىلىق ياردەم قىل» دېدى [سەھىھۇل بۇخارى، تىرمىزى].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئەگەر بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن». [سەھىھۇل مۇسلىم زىكىر بابى 22 - ھەدىس]

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن:«بىراۋ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (ھەقىقىي) ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» [سەھىھۇل بۇخارى، ئىمان كىتابى 7 – ھەدىس؛ تىرمىزى]

«دوزاخ شەھۋەتلەر بىلەن، جەننەت كىشىلەر خالىمايدىغان نەرسىلەر بىلەن قورشالغان» [سەھىھۇل بۇخارى؛ ئەبۇداۋۇد؛ تىرمىزى]..

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن:«زېمىندىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكى زات (ئاللاھ تەئالا) سىلەرگە مەرھەمەت قىلىدۇ» [تىرمىزى 1924 – ھەدىس، سەھىھ]

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «دىنىنىڭ ئاساسى نېمە دەپ سورالغاندا، ئۇ : «ئۆزەڭ ئۈچۈن ئارزۇ قىلغاننى قېرىندىشىڭ ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلىشىڭ، ئۆزەڭ ئۈچۈن ئارزۇ قىلمىغاننى قېرىندىشىڭ ئۈچۈن ئارزۇ قىلماسلىقىڭدۇر» دېگەن [سەھىھۇل بۇخارى، ئىمام كىتابى 6 – ھەدىس؛ سەھىھۇل مۇسلىم، ئىمان كىتابى 71 – ھەدىس؛ نەسائى ئىمان 19 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا توغرا يولغا بىر مىسال كەلتۈردى. (بۇ مىسالنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر) بىر توغرا يول بولۇپ، ئۇ توغرا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېچىلغان ئىشىكلەر بولغان تام بار. ئىشىكلەرگە پەردىلەر تارتىلغان بولۇپ، چوڭ يولنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا: «ئى كىشىلەر! ھەممىڭلار بۇ تۈز يولغا كىرىڭلار، بۆلۈنۈپ كەتمەڭلار» دەپ توۋلاپ تۇرىدىغان بىرسى بار. يولنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چاقىرغۇچى بار. ئىنسان (يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا بېكىتىلگەن) ئىشىكلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ پەردىسىنى ئاچماقچى بولسا، يول ئۈستىدىكى ئۇ چاقىرغۇچى: «ۋاي ساڭا! ئۇنى ئېچىپ سالما، ئەگەر سەن ئۇنى ئېچىپ قالساڭ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ قالىسەن» دەيدۇ. چوڭ يول بولسا ئىسلامدۇر. ئىككى تام بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئىشىكلەر بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىپ چەكلىگەن ئىشلىرىدۇر. چوڭ يولنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى چاقىرغۇچى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدۇر. يول ئۈستىدىكى چاقىرغۇچى بولسا، ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىلىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ نەسىھەت قىلغۇچىسىدۇر» [ئىمام ئەھمەد، ئىمام نەسائى، ئىمام تىرمىزى توپلىغان؛ قۇرئان كەرىم سۈرە ئەنئام 153 – ئايەتنىڭ تەپسىرى].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىشى لازىم». ئۇلار: «سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزسۇن، سەدىقىمۇ قىلسۇن» دېدى. ئۇلار: «ئۇنداقمۇ قىلالمىسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاجەتمەن - مەزلۇملارغا يار-يۆلەك بولسۇن» دېدى. ئۇلار: «ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىققا بۇيرۇسۇن»، دېدى. ئۇلار «ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «يامان ئىشلاردىن قول يىغسۇن، بۇ ئۇنىڭغا سەدىقىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ»، دېدى. [سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدە رىۋايەت قىلىنغان].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا ۋە كەمسۆزلۈك ئىماننىڭ ئىككى تارمىقى، ئاغزى بېزەپلىك ۋە ۋات – ۋاتلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى تارمىقىدۇر» [تىرمىزى 2027 – ھەدىس، سەھىھ].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى غەزەپلىنىشكە قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ خالىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن تاللاتقۇزىدۇ». [ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىدىن].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر» [سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي سىددىق ئادالەتسىزلىككە قارشى سەبىر قىلغان ۋە ئەپۇچان كىشىدۇر» [سەھىھۇل بۇخارى، تەپسىر بابى، فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ تەپسىرى].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسىدۇر» [ئىمام تىرمىزى، تەقۋادارلىق بابى 77 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار كەڭچىلىكتە ئاللاھقا شۈكرى قىلغان، قىيىنچىلىقتا ئىشلىرىنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلغۇچى كىشىدۇر. ئاللاھ ئۇنى ئىزچىل مۇكاپاتلايدۇ» [سەھىھۇل مۇسلىم، زۆھد بابى 64 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆزنىڭ زىناسى قاراش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش. قەلب ئۇنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەۋرەت ئۇنى تەستىقلايدۇ ياكى رەت قىلىدۇ» [سەھىھۇل بۇخارى (6243)، سەھىھۇل مۇسلىم (2657)].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنىڭ ئاپىتى ئۇنتۇلۇش؛ ئىلىمنىڭ زايە بولۇشى ئۇنى نالايىق كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشتۇر. ئالىم دېگەن بىلگىنىگە ئەمەل قىلغانلاردۇر» [سەھىھۇل بۇخارى، ئىلىم كىتابى 34؛ «ئىئتىسام» 7؛ سەھىھۇل مۇسلىم، ئىلىم كىتابى 13 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئىلىمنى بەندىلىرىدىن بىراقلا تارتىپ ئېلىۋەتمەيدۇ، لېكىن ئىلىمنى ھەقىقىي ئالىملارنى ۋاپات قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئالىدۇ. ھەقىقىي ئالىم قالمىغاندا كىشىلەر نادان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە باشلىق ۋە يول باشچى قىلىۋالىدۇ. ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ قالايمىقان پەتىۋا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» [سەھىھۇل بۇخارى؛ سەھىھۇل مۇسلىم].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆگەڭنى باغلا (يەنى ئاۋۋال زۆرۈر سەۋەبلەرنى قىل)، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل» [ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيا پايدىلىنىدىغان جايدۇر، دۇنيادىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھە ئايالدۇر» [سەھىھۇل مۇسلىم 3465 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر» [سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇلايىمدۇر (يەنى مۇلايىملىق ئاللاھ تەئالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر)، ئاللاھ مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ قوپال ئادەمگە بەرمىگەننى مۇلايىم كىشىگە بېرىدۇ» [سەھىھۇل مۇسلىم 634 - ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بايلىق مالنىڭ كۆپ بولۇشى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بايلىق كۆڭۈل بايلىقىدۇر» [سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم].

***

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بورا ئۈستىدە ئۇخلىغان ئىدى. قوپقىنىدا مۇبارەك بېقىنىغا بورىنىڭ ئىزى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ زاتقا ‹ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سىلىگە كارىۋات ياساپ بەرسەك بوپتىكەن› دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن دۇنياغا نىسبەتەن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىدىغان، ئاندىن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن يولۇچىغا ئوخشايمەن» [ئىمام تىرمىزى 2377 – ھەدىس].

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە) سىلەردىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنى خار كۆرمەيسىلەر» [سەھىھۇل مۇسلىم].

***

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالا شۇنداق دېگەن: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن، بەندەمنىڭ ماڭا مەن پەرز قىلغان ئەمەل ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگىنى، مەن ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق ئەمەللەر ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگەندىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. بەندەم بۇيرۇلغان پەرز ئەمەللەردىن سىرت ماڭا قوشۇمچە نەپلە ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ، ھەتتاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. قاچانكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى ۋە كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى

بولۇپ بېرىمەن (يەنى ھەر بىر ئەزاسىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمەن)، مەندىن نېمىنى سورىسا شۇنى بېرىمەن، ئەگەر مەندىن پاناھلىق سورىسا پاناھىمغا ئالىمەن. مەن ھېچ ئىشتا مۇئمىن قۇلۇمنىڭ جېنىنى ئېلىشتا ئىككىلەنگەندەك ئىككىلەنمەيمەن. چۈنكى، ئۇ (مېنىڭ مۇئمىن بەندەم) ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ ۋە مەن ئۇنى بىئارام قىلىشنى ياقتۇرمايمەن [سەھىھۇل بۇخارى 6137 - ھەدىس].

***

تولستوينىڭ ئېتىقادى ئۇنىڭ باشقىلارغا يازغان خېتىدە ئېپادىلىنىپلا قالماستىن، يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ھەققىدە توختالغان.

سىلوۋېنىيەلىك ماكوۋىتىسكى (Makovitski) تولستوينىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى بولۇپ، ئۇ تولستوينىڭ دوستلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەت – پاراڭلىرىنى «تولستوي بىلەن بىللە، 1904 - 1910» دېگەن ماۋزۇدا رەتلەپ چىققان.

مەزكۇر كىتاب تۇنجى قېتىم 1979 – يىلى «ياسنايا پوليانا» PolianaYasnaya دېگەن نامدا، تۆت جىلدلىق كىتاب ھالىتىدە موسكۋادا نەشىردىن چىققان. بۇ كىتابنىڭ تۆۋەندە 3 - جىلد 356 – بېتىدىكى نەقىل قىلىنىدىغان بايانلاردىن ئوقۇرمەنلەر يەنە بىر قېتىم تولستوينىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان مۇھەببىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

تولستوينىڭ دوختۇرى دۇشان پېتروۋىچ ماكوۋىتىسكى (Dushan Petrovich Makovitski) ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:
1909 – يىلى 3 – ئاينىڭ 13 – كۈنى، لېۋ نىكولايېۋىچ (تولستوي) پاراڭ داۋامىدا: «مەن بىر ئانىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە دېيىلىشچە، ئۇنىڭ ئېرى مۇسۇلمان، ئۆزى خىرىستىيانكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى ئوقۇغۇچى، يەنە بىرى ھەربىي ئىكەن. بۇ ئىككىلا ئوغۇلنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگۈسى باركەن» دېدى.

بۇ سۆزلەرگە قارىتا، تولستوينىڭ دوستى سوفيا ئاندىرىيېۋنا (Sofya Andreyevna) «بەلكىم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرمەكچىدۇ» دېدى.

تولستوي بۇنىڭغا جاۋابەن: «شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ... ئارىمىزدا (ئىسلامغا كىرمەي تۇرۇپمۇ) كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلار ئازمۇ؟ بۇ خەت توغرىسىدا ئويلىنىش جەريانىدا، شۇ نەرسىنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خىرىستىيانلىقتىن كۆپ ئۈستۈن ماقامدىدۇر. ئۇ تەڭرىنى ئىنسان دەپ قارىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى تەڭرىگە باراۋەر قىلغانمۇ ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايدۇ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. بۇنىڭدا ھېچقانداق سىرلىقلىق ۋە مەخپىيەتلىك يوق» دېدى.

سوفيا ئاندىرىيېۋنا ياندۇرۇشلاپ سورىدى: «(ئۇنداقتا) بۇلارنىڭ قايسىسى ياخشى؟ خىرىستىيان دىنىمۇ ياكى ئىسلاممۇ؟»
«ماڭا نىسبەتەن، ئىسلامنىڭ تېخىمۇ ياخشى ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن» دېدى تولستوي.

ئارىدىكى بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، تولستوي سۆزىنى تەكرارلىدى: «ئەگەر بىز ئىسلام بىلەن خىرىستىيان دىنىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىسلام ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ماڭا كۆپ ئىلھام ئاتا قىلدى...».

https://www.academia.edu/1069168/Tolstoy_the_Treatise_of_Famous_Russian_Writer_about_the_Messenger_of_Islam_Muhammad_PBUH_Hidden_Book

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

# 2017-يىلدىن كېيىن تۇتۇلغان لاگېر ۋە تۈرمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى توغرىسىدا قىسقىچە ئانالىز

ئەلبىلگىن

خىتاي ھۆكۈمىتى 2017-يىل لاگېرنى يولغا قويغاندىن كېيىن، لاگېردىكى ھەم تۈرمىلەردىكى تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى توغرۇلۇق بىر قانچە ئوخشىمىغان سانلار مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان سان كۆپ بولغاندا 3 مىليون، ئاز دېگەندە 800 مىڭ دەپ تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ نوپۇزلۇق ئورۇن ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دوكلاتىدا تىلغا ئالغىنى 800 مىڭدىن 2 مىليونغىچە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تىلغا ئالغىنى 3 مىليون دەۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار 5 مىليون دەۋاتىمىز. ئۇنداقتا ھەقىقىي ئەمەلىيەتكە يېقىن سان قانچىلىك؟

بۇ ساننى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي نوپۇسى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ھۆكۈمەت تور بېتىگە ئاساسلانغاندا، 2015-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 11.3033 مىليون. بۇ دوكلاتنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا، يۇقىرىقى تور بەت 2016-يىلدىن كېيىن ئېلان قىلغان ھەر قانداق دوكلاتتىن، ئۇيغۇر نوپۇسى ياكى" شىنجاڭ"نىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا ئائىت سانلارنى چىقىرىۋەتكەن. ئۇنداقتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2017-يىلىدىكى نوپۇسىنىڭ ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس. لېكىن بەزى ئوخشاش بولمىغان مەنبەلەرگە قاراپ باقساق، مەسىلەن، 2016-يىلى 10-ئايدىكى «شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى» نىڭ تور بېتىگە قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 11.272 مىليون، 2017-يىل 12-ئايدىكى سوخۇ تورىنىڭ مەنبەسىدە ئۇيغۇر نوپۇسى 11 مىليون 330 مىڭ. شۇڭا، يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، 2015-يىلدىن 2017-يىلغىچە ھېچقانداق نوپۇس ئاشمىدى، دەپ ھېسابلىساقمۇ، 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى ئاز دېگەندە 11.33 مىليون بولسا توغرا بولىدۇ.

| يىللار | 1978 | 1980 | 1990 | 1995 | 2000 | 2005 | 2010 | 2015 | 2017 | 2019 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر نوپۇسى | 5.5553 | 5.7646 | 7.2495 | 7.8 | 8.5233 | 9.235 | 10.1715 | 11.3033 | 11.3033 | |

مەنبەسى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ستاتىستىكا ئىدارىسى

بىرلىكى: مىليون

«شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى» نىڭ سانىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوتتۇرىچە ئائىلە كۆلىمى، ھەر بىر ئائىلىدە 3.26 ئادەم بار بولۇپ، book118.com تور بېتىدىكى ماقالىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە كۆلىمى، ئاز دېگەندە ھەر بىر ئائىلىدە 4.01 ئادەم بار. يۇقىرىقى سانلارغا ئاساسەن، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە سانى 2.8254 مىليون، ھەر بىر ئائىلىدىكى ئادەم سانى، 4.01 ئادەم دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. ئۇنداقتا، 2017-يىلدىن تارتىپ 2019-يىلغىچە، 11.3 مىليون نوپۇستىن قانچىلىك ئادەم تۇتۇلغان؟

خىتايلار 2017-يىلدىن تارتىپ، ھەر بىر پەسىلدە ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە «نوپۇس ئۇچۇرلىرىنى توپلاش جەدۋىلى» نى تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئائىلىلەرنىڭ نوپۇس ئۇچۇرىنى توپلىغان. (تۆۋەندىكى بەتتىكى نوپۇس ئۇچۇرلىرىنى توپلاش جەدۋىلى)



# 人口信息采集表

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 基本信息 | 房屋地址 | | 采集事由 | □居住 □商户/务工 □访客 | | | | |
| | 房屋性质 | □自购房 □自建房 □出租房 □公租房 | 居住性质 | □家庭居住 □合租 | 商用性质 | □业主 □雇工 | | |
| | 姓名 | | 性别 | | 民族 | | 照片 | |
| | 身份证号 | | 出生日期 | | | | | |
| | 户号 | | 与户主关系 | | | | | |
| | 户籍信息 | □辖区 □本地 □外地 □国外 | 户籍详址 | | | | | |
| | 文化程度 | | 婚姻状况 | | 政治面貌 | | | |
| | 职业 | □有 □无 | 职业名称 | | 务工地详址 | | | |
| | 流动人口婚育证明号 | | 现有子女数量 | | 儿童是否预防接种 | 是□ 否□ | | |
| | 是否为学龄儿童 | □是 □否 | 是否就学 | □是 □否 | 学校名称与班级 | | | |
| | 是否有医社保 | □是 □否 | 医社保所在地 | | 社保类型 | | | |
| | 联系方式 | | 在乌社会关系人 | 关系：联系方式： | 姓名： | | | |
| 活动轨迹 | 来乌日期 | | 来乌事由 | | 最近一次流动轨迹 | | | |
| 宗教信仰 | 宗教信仰 | □无□ 伊斯兰教 □佛教 □基督教 □其他 | | | 是否礼拜 | □是 □否 | | |
| | 每日礼拜次数 | □1次 □5次 □2-4次 | 礼拜地点 | □家 □清真寺 □其他 | 是否主麻 | □是 □否 | | |
| | 常去清真寺名称 | | 是否朝觐 | □公 □私 □排队 □否 | 是否有教职资格证 | □有 □无 | | |
| | 是否有宗教学识 | □是 □否 | 学经地 | | 教经人 | | | |
| 护照持有情况 | 是否持有护照 | □自持 □统管 □否 | 护照编号 | | 护照种类 | □因公 □因私 | | |
| | 是否出过境 | □是 □否 | 年内出境次数 | ___次 | 近一次出境时间和国家 | | | |
| | 出境事由 | □朝觐 □旅游 □公务 □探亲 □求学 □其他 | | | 是否有境外关系人 | □是 □否 | | |
| | 境外关系人姓名 | | 境外关系人所在国家 | | 与境外关系人关系 | | | |
| | 前往26国次数 | ___次 | 国家名称 | | 最近一次回国时间 | | | |
| 涉稳情况 | 是否为重点人员、特殊群体 | □是 □否 | 被判类别 | 1□2□3□4□5□6□特□ | 一体化比对结果 | □无 □比中 □有标签 | | |
| | 是否为被打击处理人员亲属 | □是 □否 | 是否为收押人员亲属 | □是 □否 | 与被打击处理收押人员关系 | | | |
| | 是否参加过集中教育转化 | □是 □否 | 参加集中教育时间、地 | | 集中教育时长 | | | |
| 驾照车辆情况 | 是否有驾驶证 | □是 □否 | 驾照类别 | □A □B □C | 驾驶证号 | | | |
| | 是否有车辆及车辆类型 | □否 □小车 □客车 □货车 | 车牌号 | | 车辆用途 | | | |
| 备注 | | | | | | | | |

重点标签

系重点人员[ ]
系特殊群体[ ]
系收押人员亲属[ ]
系打击处理人员亲属[ ]
一体化比中标签人员[ ]

关键信息

年龄段
15-25[ ]
26-40[ ]
41-55[ ]
维吾尔族[ ]
无业人员[ ]
持有护照[ ]
每日礼拜[ ]
有宗教学识[ ]
去过26国[ ]
系逾期入境人员[ ]
有境外关系人[ ]
家有辍学儿童[ ]

人员分类

放心人员[ ]
一般人员[ ]
不放心人员[ ]

采集人：　社区（村）民警审核签字：　社区（村）领导审核签字：　15岁以上被采集人签字：

يۇقىرىقى جەدۋەل 2017-يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسي جەھەتتىن يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى توپلانغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغان.

"شىنجاڭ" قانۇن سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغان بىر خادىمنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتايلار يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنى توپلىغاندىن كېيىن، ئاساسلىق قىلىپ تۆۋەندىكى 10 خىل ئۇچۇرنى ئۇيغۇرلارنى لاگېر ئېلىپ كېتىشتىكى ئاساسى قىلغان.

-- 15-55 ياشقىچە

--مىللىتى ئۇيغۇر بولغانلار

--خىزمىتى يوقلار

--پاسپورت بارلار

--هەر كۈنى ناماز ئوقۇيدىغانلار

--دىنىدىن تەلىماتى بارلار

--26 دۆلەتكە چىقىپ باققانلار

--چەتئەلگە چىقىپ باققانلار

--ئۆيدە باللىرى مەكتەپتىن چېكىنگەنلەر

--ماشىنىسى بارلار

يۇقىرىقى ئۇچۇرنىڭ خالىغان بىرىگە توشىدىغان ئادەملەرنى گۇمانلىق دەپ قاراپ، لاگېرغا ئېلىپ كەتكەن.

يۇقىرىقى جەدۋەلگە قارىساق، بۇ جەدۋەلنى مەيلى كىملا توشقۇزمىسۇن، هەر قانداق ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر ياكى بىردىن كۆپ ئادەمنىڭ يۇقىرىقى ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ياكى بىر قانچىسىگە توشىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمەلىيەتتىمۇ، مەيلى بۇ جەدۋەلنى توشقۇزغان ئادەمنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنى هۆكۈمەتكە ئىشلەيدىغان پارتىيە ئەزاسى بولسۇن، ياكى ناماز ئوقۇيدىغان دېهقان بولسۇن، مەيلى ئۇ سودىگەر ياكى مەيلى ئىشچى بولسۇن، مەيلى ماشىنىسى بار ياكى يوق بولسۇن، مەيلى پۇلى بار چەتئەلگە چىقىپ باققان، ياكى پۇلى يوق چەتئەلگە چىقىپ باقمىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى چەتئەلدە تۇغقىنى ياكى ئوقۇيدىغان بالىلىرى بار ئادەم بولسۇن، ياكى چەتئەل بىلەن هېچقانداق ئالاقىسى يوق ئادەم بولسۇن، جەدۋەل ئۆز ئىختىيارى ئارقىلىق ئەمەس، قاتتىق قورقۇتۇش، تەهدىت ۋە مەجبۇرلاش ئاساسىدا توشقۇزۇش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى 10 ئاساسلىق ئەهۋالنىڭ دائىرىسى بەك كەڭرى بولغاچقا، هەر بىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ياكى بىردىن كۆپ ئائىلە ئەزاسى، يۇقىرىقى 10 كاتېگورىيەنىڭ بىرى ياكى بىر قانچىسىگە ئۆزىنىڭ توشىدىغانلىقىنى ئەينەن مەلۇم قىلغان. نەتىجىدە، مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقى 10 كاتېگورىيەنىڭ خالىغان بىرىگە توشقان ئادەمنىڭ هەممىسىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەن.

ئۇنداقتا ، ئۇيغۇر نوپۇسىنى 11.33 مىليون، ئائىلە سانى 2.8254 مىليون، هەربىر ئائىلىدە 4.01 ئادەم بار دەيلى.

هازىرغىچە ئاشكارىلانغان ماتېرىياللار ۋە گۇۋاهلىق بېرىشلەرگە ئاساسلانغاندا، هەر بىر ئائىلىدىن تۇتۇلغانلارنىڭ سانى 1، 2 ، 3 هەتتا 4 ئادەم تۇتۇلغان ئەهۋاللار بار. ئۇنداقتا يۇقىرىقى پاكىتقا ئاساسەن، ئەگەر هەر بىر ئائىلىدىن تۇتۇلغانلارنىڭ سانىنى ئوتتۇرىچىلاشتۇرۇپ، بۇنى 1، 1.5، 2، ياكى 2.5 دەپ ئويلىساق، ئومۇمىي تۇتۇلغان ئادەمنىڭ سانى تۆۋەندىكىدەك:

2017-يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇس: 11.33 مىليون (شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى)

| هەر بىر ئائىلىدىن ئوتتۇرىچە تۇتۇلغان ئادەم سانى | 2017-يىلدىن كېيىن تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى (مليون) | 2019-يىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى (مليون) |
|---|---|---|
| 1 | 2.8254 | 8.5046 |
| 1.5 | 4.2381 | 7.0919 |
| 2 | 5.6508 | 5.6792 |
| 2.5 | 7.0635 | 4.2665 |

ئۇنداقتا، 2017-يىلدىن تارتىپ 2019-يىلغىچە، تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاز دېگەندە 2.8254 مىليون، ئەڭ كۆپ بولسا 7.0635 مىليون بولۇشى مۇمكىن. 2019-يىلى 2017-يىلدىن كېمىيىپ، قېلىپ قالغان نوپۇسى ئاز دېگەندە 4.2665، كۆپ بولغاندا 8.5046 مىليون. ئەگەر، ستاتىستىكا نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، ئەڭ چوڭ سان بىلەن ئەڭ كىچىك سانىنى چىقىرىۋەتسەكمۇ، تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 4.2381-5.6508 مىليونغىچە.
بىز نۆۋەتتە تۇتۇلغان ئادەم سانىنىڭ ئەمەلىيەتكە قانچىلىك يېقىنلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشساق، بىز تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆرەلەيمىز.

1. نوپۇسنىڭ ھەقىقەتەن 4.3 مىليون بىلەن 5.5 مىليوننىڭ ئارىلىقىدا كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1-2 مىليون ئەتراپىدا بولسا، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10% -20% نى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر رېئاللىق مۇشۇنداق بولسا، خىتايلار ھەقىقىي نوپۇسنى بۇرۇنقىدەك ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. نوپۇس ستاتىستىكىسى قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، نوپۇسنىڭ زادى قانچىلىك كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقاش ئىنتايىن قىيىن. نەتىجىدە خىتاينىڭ نوپۇسنى يوشۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق بولۇشى مۇمكىن.
ئەگەر، ھەر بىر ئائىلىدىن 1.5 -2 گىچە ئادەم تۇتۇلۇپ، يوقالغانلارنىڭ سانى 4.2381-5.6508 مىليونغىچە بولسا، ئۇيغۇر نوپۇسى 2 يىل ئىچىدە 11.33 مىليوندىن، 5.5 مىليون ئەتراپىدا چۈشۈپ قالدى دېگەن گەپ. يەنى بۇ سان ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40% -50 % گىچە يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ نوپۇسنى بۇرۇنقىدەك ئېلان قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.

2019-يىلدىن بېرى، خىتايلار ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەردە باشقا بىر ئوبرازدا تونۇشتۇرماقتا، مەسىلەن «ئۇيغۇرلارنى تۈرك قوۋمىدىن ئەمەس، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ خاس دىنى ئەمەس، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتسىز، تېررورچى» دېگەندەك. تەشۋىقات ئۈچۈن، خىتايلار ھەر خىل ماتېرىياللارنى تارقىتىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتايلارنىڭ 2019-يىلدىن باشلاپ چەتئەلدە تارقىتىۋاتقان گۈزەل-سەنئەت بۇيۇملىرىدىن بىرى، «ئۇيغۇر» دېگەن سەنئەت بۇيۇمىنىڭ ئارقىغا قاراپ باقساق، ئۇنىڭدىكى بىر سان، ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يەنى، تۆۋەندىكى رەسىم:



يۇقىرىقى سەنئەت بۇيۇمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 7.21 مىليون دەپ يېزىلغان. بۇ سان 2019-يىلغا كەلگەندە، ئۇيغۇر نوپۇسى نېمە ئۈچۈن 11.33 مىليوندىن تاسادىپىي 7.21 مىليونغا چۈشۈپ قالدى، دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز لاگېردا تۇتۇلغان ئادەملەرنىڭ سانىنى تېخىمۇ توغرا مۆلچەرلەش ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئۇچۇرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق. نەتىجىدە، خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە تور بەتلىرىنىڭ بىردەك ئاۋازدا، 2018-يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنى تۆۋەن قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسى 2018-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى، پروگرامما ئىشلىگۈچى مەھدى ھەسەن، جۇڭگو ۋە يەرشارىلىشىش مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ۋىكتور گاۋ دېگەن خىتاي بىلەن، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى، ئادۋوكات نۇرى تۈركەلنى لاگېر توغرۇلۇق زىيارەت قىلغان. زىيارەتتە، ۋىكتور گاۋ نۆۋەتتىكى لاگېرغا سولانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى تۆۋەنلىتىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇلغان سانى توغرىسىدىكى دوكلاتلار ئەمەلىيەتكە ماس قالمايدۇ. ھازىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 6 -7 مىليون، ئەگەر 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۇتۇلدى دېسەك، بۇ ئەقىلگە سىغمىغان گەپ ...»
بۇ تۇنجى قېتىم، يەنى 2018-يىل 9-ئايدا، خىتاي ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسىنى 6-7 مىليون دەپ تىلغا ئېلىشى. بۇ سان دەل ھۆكۈمەتنىڭ 2015-يىلدىكى ئېلان قىلغان 11.33 مىليون ساندىن 4.33-5.33 مىليون ئاز ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

يەنە ئوخشاش مەزگىللەردە، خىتاي زىيالىيلىرىمۇ ئاستا-ئاستا يازمىلىرىدا «ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسى 7.21 مىليون» دەپ يېزىشقا ئۆرۈنغان. مەسىلەن، «جۇڭگودىكى مۇزىكا تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى» دېگەن ماقالىدە، يازغۇچى شىڭ چۈنرۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 7.21 مىليون دېگەن سانىنى تىلغا ئالغان.
بىز Google دىن ياكى baidu.com دىن «维吾尔族人口721万» دېگەن سۆزنى ئىزدەيدىغان بولساق، 86400 ئۇچۇرنى تېپىپ چىقالايمىز. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئىچىدە، كۆپ قىسمى 2017-يىلدىن 2019-يىلنىڭ ئوتتۇرىدا ئېلان قىلغان ئۇچۇرلار بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلارمۇ ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 7.21 مىليون دېگەن سانىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ھۆكۈمەت ۋە ھەر خىل ئورگان تور بەتلىرىگە قاراپ باقايلى.

2017-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈندىكى «گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش» دېگەن بىر ھۆكۈمەت تور بېتىدە خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇيغۇر نوپۇسى 7.21 مىليون دەپ يېزىلغان.
2019-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈندىكى، yidianzixun.com دېگەن تور بېتىدە، «ئاز سانلىق مىللەتنىڭ نوپۇسىنى بىلمىگەنلەر كۆرۈڭلار» دېگەن يازمىدىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 7.21 مىليون دەپ يازغان.
ئەمەلىيەتتە، 7.21 مىليون دېگەن سان" شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ تور بېتىدىكى، 1990-يىلدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى يەنى 7.2495 مىليون دېگەن سانغا توغرا كېلىدۇ.

2. 2017-يىلدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى بارلىق ستاتىستىكا سان-سىپىرلارنى، بارلىق دوكلات، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، تېلېۋىزىيە، رادىئو، ھەر خىل تور بەت، گېزىت-ژۇرناللاردىن ۋە باشقا بارلىق ئاخباراتلاردىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.
مەسىلەن، «دۇنيا نوپۇس قامۇسى» تور بېتى بولسا، خىتايلاردا نەشر قىلىنغان، ئەڭ نوپۇزلۇق تور بېتى بولۇپ، ئۇنىڭ «2018-يىللىق "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى قانچىلىك، GDP قانچىلىك، شۇ يىلدا تۇتۇلغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ۋە كىرىم ئەھۋالى» دېگەن چوڭ دائىرىدىكى دوكلاتىدا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان.
2018-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى،" شىنجاڭ "پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ ۋۇ لوڭ دېگەن خىتاي بېيجىڭدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، «2017-يىلىنىڭ شىنجاڭ خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن چوڭ تېپلىق دوكلاتتىمۇ "شىنجاڭ"نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى تىلغا ئالمىغان. "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2017-يىلدىن كېيىنكى بارلىق دوكلاتلىرىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا ئائىت مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتكەن. مەسىلەن، «2018-يىللىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكىسى» دېگەن چوڭ دائىرىدىكى دوكلاتتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا ئائىت كونكرېت سانلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

2018-يىلى 8-ئايدا، خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن، «这里是新疆» دېگەن چوڭ تېپتىكى 3 قىسىملىق ھۆججەت فىلىمدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ياشلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولغاچقا، گەرچە ئاپتور فىلىمنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتالمىسىمۇ، لېكىن بىر قىزىقارلىق يېرى، ئاپتور پۈتۈن فىلىمنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى بىر قېتىممۇ ئاغزىغا ئېلىپ قويمىغان. بۇ فىلىمدا ئۇيغۇر دېگەن گەپكە ئەڭ يېقىنلاشقان بىر ئاتاش «新疆人» بولۇپ قالغان.

بىز يەنە، تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ قاراپ باقساق، يۇقىرىقى يەكۈننىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. مەسىلەن، بىز خىتاينىڭ ئاساسلىق ئۈچۈر ئىزدەش تور بېتى بەيدۇ، سوخۇ، "شىنجاڭ" ھۆكۈمەت تور بېتى - تەڭرىتاغ تور بېكىتى، ۋە بارلىق "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت ئوبلاستلارنىڭ ھۆكۈمەت، ئورگان تور بەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدۇق.

يەنى، 2017-يىلدىن كېيىن، خىتايلارنىڭ ئاخباراتلىرى، ھۆكۈمەت تور بەتلىرى، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، ۋە باشقا بارلىق يازمىلاردا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن سۆزنى قوللىنىش ياكى تىلغا ئېلىش ئەمەلدىن قالغان. ھازىر ھەر قانداق ئېلان قىلىنغان مەيلى خەۋەر بولسۇن، مەيلى باشقا ماقالىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسىدا، «维吾尔族» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنمايدىكەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىلسا، بىۋاسىتە شەخسنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدىكەن، لېكىن ئۇنى «ئۇيغۇر» دەپ ئەسكەرتىدىغان ئادەت پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

دېمەك، 2017-يىلدىن كېيىن، مەيلى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى بولسۇن، ياكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بولسۇن، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا، بۇرۇن لاگېرلار قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىلىق سانلارنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويمىغان ياكى يوشۇرۇشقا تىرىشقان.

بۇ خىل يوشۇرۇشنى بىز تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرسەكمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق تۇرىدۇ. يەنى تۈنۈلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 4-5 مىليونغىچە بولۇپ، بۇ ئىنتايىن كۆپ سان بولغاچقا، خىتايلارغا نىسبەتەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش، خىتايلارنى بىر تەڭلىكتە قويىدىغان ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق يەكۈنگە كېلىشمۇ لوگىكىغىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇنداقتا، بىر تەرەپتىن، 2017 يىلدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، «维吾尔族» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش ئەمەلدىن قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، 2018-يىلدىن باشلاپ مەيلى ھۆكۈمەت خادىمى، ياكى خىتاي زىيالىيلىرى، ياكى ھۆكۈمەت ۋە باشقا تور بېكەتلىرى بولسۇن، بىردەك ئاۋازدا ئۇيغۇر نوپۇسىنى 7.21 مىليون دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. بۇ ئەھۋال نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىرى ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي تىلغا ئالماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر نوپۇسى توغرىسىدا ئېلان قىلغان سان 2017-يىلدىكى 11.33 مىليوندىن ساندىن دەل 4.12 مىليون كەم. بۇ ئادەملەر نەگە يوقاپ كەتتى؟

خىتايلاردا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ۋە بۇرۇندىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تەشۋىقات ئۇسۇلى بار. ئۇ بولسىمۇ، خىتايلار نۇرغۇن ئەھۋالدا بىرەر سىياسەتنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، ئاممىنىڭ ئىنكاسىنى سىناش ئۈچۈن، شۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرنى ئالدىن جەمئىيەتكە تارقىتىپ كۆرىدۇ. ئاندىن ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن، شۇ خىل سىياسەتنى يولغا قويۇش ياكى قويماسلىق توغرىسىدا بىرەر قارارغا كېلىدۇ. ھازىر خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنى 7.21 مىليون دەپ ھەر خىل مېدىئالاردا تېز تارقىتىشى، كېيىنكى قەدەمدە ئۇيغۇر نوپۇسىنى 7.21 مىليون دەپ رەسمىي ئېلان قىلىشىنىڭ بىشارىتى بولسا كېرەك.
ئادەتتە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نوپۇس ئۆچۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۆچۈرۈلگەن سان ئومۇمىي نوپۇسقا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئۇنداقتا بۇ 4.12 مىليون نوپۇس قەيەرگە يوقاپ كەتتى؟ بۇلار ئۆلگەنلەرمۇ ياكى تىرىكمۇ؟ ئەگەر تىرىك بولسا نېمە ئۈچۈن ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ؟

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1] 新疆维吾尔自治区最新人口数据
http://www.chinaislam.net.cn/cms/news/media/201610/30-10538.html
[2] 维吾尔族
http://www.gov.cn/guoqing/2015-03/18/content_2835615.htm
[3] 新疆概况
http://www.chinadaily.com.cn/dfpd/2009-10/13/content_8788206.htm
[4] 新疆维吾尔族人口有多少
https://zhidao.baidu.com/question/493348353873703012.html
[5] 新疆维吾尔自治区最新人口数据!
http://www.sohu.com/a/210155220_814674
[6] 2018年新疆维吾尔自治区国民经济和社会发展统计公报
https://01234.info/sjgb/10336.html
[7] 中国各民族人口总数排名 排行榜 有多少
http://www.chamiji.com/201803071989.html
[8] 中国家庭数4.3亿户居世界之首 平均每家3.02人
https://new.qq.com/rain/a/20140514045541
[9] 对乌鲁木齐市族及维吾尔族居民家庭体育消费的比较研究
https://max.book118.com/html/2017/0613/114674100.shtm
[10] 2018 Report on International Religious Freedom: China: Xinjiang
https://www.state.gov/reports/2018-report-on-international-religious-freedom/china-includes-tibet-xinjiang-hong-kong-and-macau/xinjiang/
[11] China Running 'Concentration Camps' for Millions of Muslims, Pentagon Says
https://www.military.com/daily-news/2019/05/03/china-running-concentration-camps-millions-muslims-pentagon-says.html
[12] 世界人口大全：2019年新疆维吾尔族自治区人口有多少 2018年GDP数据 历史人口出生死亡人均收入数据
http://www.chamiji.com/2019051211514.html
[13] [新疆]2018年新疆维吾尔自治区国民经济和社会发展统计公报
https://01234.info/sjgb/10336.html
[14] 凤凰网：有关新疆的十个基本常识
http://news.ifeng.com/a/20150930/44771051_0.shtml
[15] Al Jazeera English: Has China detained a million Uighur Muslims? | UpFront (Arena)
https://www.youtube.com/watch?v=srhM6G-rRB0&t=280s
[16] 邢春如：中国音乐发展概况
https://books.google.com/books?id=KY-EDwAAQBAJ&pg=PT73&lpg=PT73&dq=%E7%BB%B4%E5%90%BE%E5%B0%94%E6%97%8F%E4%BA%BA%E5%8F%A3%EF%BC%8C+721%E4%B8%87&source=bl&ots=W_OwdF4UwT&sig=ACfU3U3huPrm-rkPA6C8860TqqZo0t9N6Q&hl=en&sa=X&ved=2ahUKEwit1evZ4uTkAhVRKa0KHTJtAEkQ6AEwAnoECB0QAQ#v=onepage&q=%E7%BB%B4%E5%90%BE%E5%B0%94%E6%97%8F%E4%BA%BA%E5%8F%A3%EF%BC%8C%20721%E4%B8%87&f=false

[17] 广西建设工程质量检测试验协会：中国56个民族的简介、禁忌及习俗（十七）
http://www.gxcic.net/gxjcxh/shownews.asp?newsid=957
[18] 不知道五十六个民族分布及人口的快来看看，收藏给孩子看
https://www.yidianzixun.com/article/0LS2RRaz?s=browserappid=browsernet=4gdistribution=oppoutk=V2_2KT0RCLXIz31OioBqGLHXJiYQMjEeLVhVP_aeTGDqx0__barStyle__=1_1__fromId__=8000__statParams__=sourceMedia__source__=yidiansourceMedia=yidian__cmtCnt__=0__styleType__=2__publisher_id__=_36jPt4EyFN9L2Fm7h2dmwopenv=__pf__=detail%E8%AF%84%E8%AE%BA%E8%AF%B4%E6%B6%9B%E8%BF%87%E4%BA%86%F0%9F%98%82%E8%BF%99%E5%87%A0%E5%A4%A9%E6%B2%A1%E5%92%8B%E6%B0%B4db%EF%BC%8C%E8%84%B1%E8%8A%82%E4%BA%86%F0%9F%98%AD&appid=
[19] “文学城”： 新疆维吾尔自治区民族，人口资料大全
https://blog.wenxuecity.com/myblog/36167/200806/21188.html

[20] 六十年礼赞——献礼新疆成立60周年
https://wenku.baidu.com/view/1a9b887fba68a98271fe910ef12d2af90242a88c.html?rec_flag=default&sxts=1570389977720



# گوۋېنگۈينىڭ خىتاينىڭ رەزىل پىلانى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى

گو ۋېنگۈينىڭ 2019 – يىلى 7 – ئاينىڭ 21 – كۈنىدىكى «مەخپىيەتلىك ئاشكارىلاش ئىنقىلابى پۈتۈن يەرشارى بويىچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىدىغان يېڭى دەۋرگە كىردى» ماۋزۇلۇق فىلىمدىكى شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بۆلەك

گو ۋېنگۈي ـــ خېنەن «يۈدا مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» (裕达投资有限公司)، بېيجىڭ «جېڭچۈەن پاي كونترول شىركىتى» (政泉控股) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ خوجايىنى بولغان مىلياردىر خىتاي سودىگەر. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كىشىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، بېشىغا بىر ئىش كېلىشىدىن قورقۇپ 2014 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكاغا قېچىپ كېلىۋالغان. نۆۋەتتە نيۇيورك شەھىرىدە تۇرۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىگە ئالاقىدار ئىچكى ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاپ، «مەخپىيەتلىك ئاشكارىلاش ئىنقىلابى» (爆料革命) دېگەن نامدا خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) مەسىلىسىدە تولۇق ئىشەنچىسى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار تېز سۈرئەتتە شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)غا 30 مىليون خىتاينى يۆتكىمەكچى، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا شەندۇڭلۇقلار شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا (شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە) كۆچكەندەك. ئەينى چاغدا شەرقىي شىمالغا كۆچۈپ بارغان شەندۇڭلۇق خىتايلارنىڭ سانى سەككىز مىليون بولۇپ، بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى شەرقىي شىمالغا بارغان كۆچمەنلەر سانىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. (خىتاي كومپارتىيەسى) ئەمدى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)غا 30 مىليون نوپۇس يۆتكىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى بۇ كۆچمەنلەرگە ھەقسىز يەر – ئېتىز بەرمەكچى ۋە (شەرقىي تۈركىستاندىكى) پۈتۈن مەسجىدلەرنى چېقىۋەتمەكچى.

ئىككىنچى، ئۇلار بارلىق قىممىتى بار يەر ۋە ستراتېگىيەلىك شەھەرلەرنى خىتايلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ، «ئۈچ 99» نىشانىغا يەتمەكچى.

(«ئۈچ 99» دېگىنىمىز):

1. (شەرقىي تۈركىستاندىكى) 99% زېمىنىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىنى؛

2. (شەرقىي تۈركىستاندىكى) 99% دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشىنى؛

3. 99% خىتاينىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)لىقلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن نەرسىسىنى كونترول قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتە (چېقىلماي) قېلىپ قالغان پۈتۈن ئاتالمىش ئىسلامىي مەسجىدلەرنى كومپارتىيەنىڭ مائارىپ (تەشۋىقات) مۇئەسسەسەسىگە ئايلاندۇرۇشقا كۆزى يېتىۋاتىدۇ.

ئاندىن خىتاي كومپارتىيەسى يەنە كۆپ قىسىم كىشىلەرنى ـــ بۇ سان ئەينى ۋاقىتتا 6 مىليون دەپ بېكىتىلگەندى ـــ قولغا ئېلىپ، تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىمىز، (بۇ جەرياندا) بىرەر مىليون ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايمىز، دېگەندى. ئۇلار ھازىر دېگىنى بويىچە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ شەكىلدە يەنە بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭىنى (شەرقىي تۈركىستاننى) ساقلاپ قالماقچى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى پىلان ئىدى. مەن بۇ پىلاننى (مەلۇم بىر قېتىملىق) يىغىندا بىلگەنىدىم.

https://www.youtube.com/watch?v=HfLijUM3wNE

تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر قارا قۇرۇم

# ئاناستاس مىكويان بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت

## خاتىرىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قىسمى



1949 – يىلى 2 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

«ۋىلسون مەركىزى»دىكى 113318 – نومۇرلۇق ئارخىپ



ئاناستاس مىكويان

**1949 – يىلى 2 – ئاينىڭ 4 – كۈنى** خىتاي كومۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرىدىن جوۋ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، رېن بىشى، جۇدې ۋە تەرجىمان شى جې قاتارلىقلار بار ئەھۋالدا ماۋ زېدوڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتۇم. كۆرۈشۈشكە بىز تەرەپتىن كوۋالېۋ ئۇۋان ۋە كوۋالېۋ E.F قاتارلىقلار قاتناشتى.

### مىللەتلەر مەسىلىسى

مەن ماۋ زېدوڭغا «مەركىزي كومىتېتىمىز خىتاي كومۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىللىق بېرىشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ... ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىللىق ئەمەس، ئاپتونومىيە بېرىلىشى كېرەك» دېگەنلەرنى يەتكۈزدۈم. بۇ گەپ ماۋ زېدوڭغا بەك ياقتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچكىمگە ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەقىللىق بېرىش ئويى يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى.

ماۋ زېدۇڭ ئېلگىرىلا مەن بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقۇسى بارلىقىنى ئېيتقاچقا، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە قانداق خىيالى بارلىقىنى سورىدىم. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، شۇنداقلا بىر كومۇنىستىك پارتىيەمۇ باركەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىلىدا كومۇنىستىك پارتىيە بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى، لېكىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھەرىكەتتىن خەۋىرىم بارلىقىنى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئالغىلى ئۇنىمىغان، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلمىغان، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خاتا سىياسىتى تۈپەيلى كېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتتىم. (مەن يەنە شۇلارنى ئېيتتىمكى) ئەگەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە بېرىلسە، مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ماس كېلىدىغان شەرت - شارائىت يەنىلا ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن [ئەسلى تېكىستى مۇشۇنداق]. بىز شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىمايمىز ۋە شىنجاڭدا

زېمىن تەلپۈنمىزمۇ يوق. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، شىنجاڭ خىتاينىڭ بىر قىسمى ھەم چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىز (پەقەت) شىنجاڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە تىجارەت قىلىش تەرەپدارى.

ئاندىن ماۋ زېدوڭ 1945-يىلى چۆڭچىڭدا بەي چۇڭشى بىلەن كۆرۈشكەندە، بەي چۇڭشىنىڭ ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا سوۋېتتا ياسالغان زەمبىرەك، تانكا ۋە ئايروپىلانلار بارلىقىنى ئېيتقانلىقىنى دېدى.

ماۋ زېدوڭنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا، مەن بۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ۋە بۇ ھەقتە ھېچنەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىمنى، بىزنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ) بۇ ھەرىكەتكە ياردەم قىلمىغانلىقىمىزنى، بۇنىڭ زۇلۇمغا قارشى مىللىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

ماۋ زېدوڭ ئۆزلىرى (خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرى)نىڭ شىنجاڭغا ئىچكى موڭغۇلغا بەرگەندەك ئادەتتىكى ئاپتونومىيە بېرىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ماۋ زېدوڭ شىنجاڭدىكى نېفىت زاپىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئالاھىدە قىزىقتى.
مەن ئۇنىڭغا (مىللىتارىست) شېڭ شىسەينىڭ مەزگىلىدە، شىنجاڭدا زور مىقداردا نېفىت ئىشلەپچىقارغانلىقىمىزنى، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇ نېفىتلارنى (سىرتقا) توشۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقىلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتتىم.

## شىنجاڭدا تۆمۈر يول ياساش

ماۋ زېدوڭ خىتاي تۆمۈر يولى بىلەن سوۋېت تۆمۈر يولىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭدا تۆمۈر يول ياساش ئىمكانىيىتى بار – يوقلۇقىنى سورىدى. رېن بىشى ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىنى قاتتىق قوللىدى. (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) يېڭى جەڭ يۈز بەرگەن ئەھۋالدا، بۇ (سوۋېت - خىتاي ئارىسىدىكى) بىرلەشمە مۇداپىئە ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۇ خىل بولغۇسى جەڭلەردە، خىتاي مۇقەررەر ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر سەپتە بولاتتى. مەسىلەن، ئالىمادىن مانجۇرىيە ھۇجۇمغا ئۆچرىسا، (شەرقىي تۈركىستاندا ياسالغۇسى) بۇ تۆمۈر يول جەڭگە قاتنىشىۋاتقان خىتاي ئارمىيەسىنى (ئوزۇق – تۈلۈك ۋە باشقا تۈرلۈك كېرەكلىك بۇيۇملار بىلەن) تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايتتى. بۇ لىنىيە گەنسۇ، شەنشى، خېبېي ۋە سىچۈەن قاتارلىق مۇداپىئە سېپى شەكىللەندۈرۈشكە قولايلىق تاغلىق ئۆلكىلەرنىمۇ كېرەكلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى.

مەن «مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ ئىستىقبالى بار، ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان پىلانكەن. ئەمما بۇنداق تۆمۈر يولنى ياساشقا بەك كۆپ خىراجەت كېتىدۇ، شۇڭا بۇ ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن تەننەرخنى ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقىش كېرەك» دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن، رېن بىشى نېمە ئۈچۈن ئۇلانباتۇر بىلەن كالگان (ھازىرقى خىتاينىڭ جاڭجياكوۋ شەھىرى) نى تۇتاشتۇرىدىغان بىر يول ياسىمايمىز، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئۇنچىۋالا ئۇزۇن ئەمەس، لېكىن بۇ شىمالىي جۇڭگونى تۇتاشتۇرۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دېدى.

مەن: بۇ سوئال ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىكەن، لېكىن بىز ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقمىدۇق دېدىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر قاراقۇرۇم



# 1957 ~ 1950 - يىللىرى "شىنجاڭ" كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ۋە «يەرلىك مىللەتچىلىك»كە ھۇجۇم

داۋۇد پروفىي

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق سەرخىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى سوۋېت ئارخىپلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلاندى.

1957-يىلىنىڭ بېشىدا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى «ئىستىل تۈزەش» دولقۇنى قوزغاپ، 1940-يىللاردا يەنئەندە ئەۋج ئالغاندىكىگە ئوخشاش، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش ۋە «تازىلاش» مېتودىنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقتى.

ماۋ زېدوڭ بيۇروكراتىك تۈرغۇنلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە، (كوممۇنىستىك) پارتىيەنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، پارتىيە سىرتىدىكىلەرنىڭمۇ تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىپ، بارچە قۇشلار بىرلىكتە سايراش»تىن ئىبارەت مەشھۇر چاقىرىقنى جاكارلىدى. تەنقىد دولقۇنلىرى كۈتۈلگەن دەرىجىدىن ئېشىپ كېتىشكىلا، خىتاي كومپارتىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تازىلىنىدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىنىدىغان «ئوڭچىل» ئۇنسۇرلارنى بېكىتىشكە باشلىدى.

خىتاينىڭ چېگرا رايونلىرىدا، «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» كۈرىشىنىڭ زىيانكەشلىكىكە ئۇچرىغۇچىلىرى دەسلىپىدە ئومۇمەن خىتايلار ئىدى. باشقا يەرلەردىكىگە ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ خىتايلاردىن باشقىلار ماۋ زېدوڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئالدىرىمىغانىدى. لېكىن، بۇلار ئاخىرى (مەزكۇر چاقىرىققا) ئاۋاز قوشقاندا، بۇلارنىڭ ئىنكاسى (ئاساسلىقى ئۇيغۇر ۋە قازاقلاردىن تەشكىل قىلغان) زىيالىي ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئېغىر پىكىر ئىختىلاپىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

خىتاي كومپارتىيەسى خىتايدىكى مىللەتلەر سىياسىتىگە قارىتىلغان (پىكىرىي) ھۇجۇملارغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ ئوڭچىلىققا قارشى كۈرەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. 1957 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى «يەرلىك مىللەتچىلىك»كە قارشى كۈرەش قىلىش زۆرۈرىيىتى بارلىقىدىن شەپە بەردى. بۇ ماۋ زېدوڭنىڭ ئىلگىرى (لېنىنىنىڭ سۆزىنى ئىشلىتىپ) ئوتتۇرىغا قويغان «ئاساسىي مىللەت (خىتايلارنى دېمەكچى) تىكى شوۋىنىزمچە كۆز قاراش چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا نىسبەتەن ئەڭ زور تەھدىتتۇر» دېگەن سۆزىگە تامامەن زىت ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى يۇقىرىقى يىغىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، «ئوڭچىللىققا قارشى» تۇرۇش نامىدىكى سىياسىي زىيانكەشلىكنىڭ تىغ ئۇچىنى مىللەتچىلىك خاھىشى بار دەپ گۇمان قىلىنغان پائالىيەتچى ۋە مەمۇرىي خادىملارغا قاراتتى.

يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش 1949- يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جىددىيچىلىكنىڭ ئەۋجىگە چىققىنى ئىدى. (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەربىيەلىگەن كادىرلار كەمچىل بولغاچقا، خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944- 1949) نىڭ رەھبەرلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە تايىنىپ قالغانىدى. بۇ رەھبەرلەر ئاساسەن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئۇيغۇر، قازاق ۋە تاتار سەرخىللىرى ئىدى.

شۇنىسى تەبىئىيكى، مەزكۇر يەرلىك سەرخىللارنىڭ نۇرغۇنى ئۆزلىرىگە 1955-يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» رامكىسى ئىچىدە بېرىلگەن چەكلىك ئاپتونومىيەدىن نارازى ئىدى. بۇ خىل رامكا ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «تىنچ ئازاد قىلىنىشى» ھېچبولمىغاندا پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە مىللىيلىشىشىنى تەقەززا قىلاتتى. بەزىلەر پارتىيەدىن ئەسلىدىكى فېدېراتسىيە تۈزۈمى نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى (فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەتلەر)گە ئوخشاش «ئۇيغۇرىستان» قۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر تەلتۆكۈس مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى.

بۇ ئەھۋال خىتاينىڭ چېگرا رايونلاردىكى كونترولluۇقنى كۈچەيتىش ۋە ئۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكى بىلەن بىرىكتۈرۈش نىشانىغا توسقۇنلۇق قىلدى.
1957-–يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى مەزكۇر يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە تەنقىدلەش مەقسىتىدە بىر قېتىملىق كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دەسلىپىدە بىر نەچچە ھەپتىدە تۈگىتىش پىلانلانغان بۇ يىغىن ئالتە ئايغا سوزۇلۇپ، 1958- يىلى 6- ئايدا ئاياغلاشتى.

1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1958- يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مەزكۇر كېڭەيتىلگەن يىغىن يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ھالقىلىق بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولسىمۇ، لېكىن غۇلجا ۋە قەشقەردە ئېچىلغان شۇ خىل يىغىنلاردىمۇ (يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى) تەنقىدلەر بار ئىدى. مەزكۇر «كۈرەش»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مەمۇرلار ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچى دەپ بېكىتىلگەنلەرنىڭ سانى 1612 گە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پارتىيەدىن چىقىرىلىپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيەلەشكە ئەۋەتىۋېتىلدى. بۇ «كۈرەش» بەزىلەرنى تېخىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەتكۈزدى، بۇنىڭغا ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.
شەرقىي تۈركىستاندىكى سوۋېت كۆزەتكۈچىلىرى تەبىئىي ھالدا مەزكۇر «كۈرەش»نىڭ جەريانىغا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى يىغىنىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى. خىتاي «مىللەت مەسىلىسىدە <ناتوغرا> قاراشلارنى تارقىتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت پۇقرالىرىنىڭمۇ بارلىقى»دىن شىكايەت قىلاتتى. سوۋېت دىپلوماتلىرى شۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قىزىقاتتى.
1958- يىلى 1- ئايدىن 6- ئايغىچە، تۆۋەندە تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن دوكلاتلاردا سوۋېت دىپلوماتلىرى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئارىسىدىكى خۇپىيانە كۆرۈشۈشلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1958- يىلىغىچە داۋاملاشقان ئۈرۈمچى يىغىنى، 1958- يىلىدىكى غۇلجا يىغىنلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش ۋە يەرلىك كۈرەش ھەققىدە ئانالىزلار بىلەن تەمىنلىگەن. مەزكۇر ماتېرىياللار سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقە بۆلۈمىگە يوللانغان. مەزكۇر بۆلۈم 1957- يىلى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى باشقا كوممۇنىستىك پارتىيەلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. نۆۋەتتە بۇ ماتېرىياللار رۇسىيە دۆلەتلىك ھازىرقى زامان تارىخى ئارخىپخانىسى (RGANI)دا ساقلانماقتا.
1.1- ھۆججەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىندىن يولداش ن.ت.فېدورېنكو ۋە پ.ف.لۇدىنغا ئەسلەتمە، 1958 – يىلى 1- ئاينىڭ 20 – كۈنى
1.2-ھۆججەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىن بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ باش سېكرېتارى يولداش ۋان ئېنماۋ ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئارىسىدىكى مۇھاكىمە خاتىرىسى ، 1958 – يىلى 1- ئاينىڭ 17 – كۈنى

3.1- ھۆججەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىن بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش شىن لەنتىڭ ئارىسىدىكى مۇھاكىمە خاتىرىسى، 1958 – يىلى 1- ئاينىڭ 12 – كۈنى 2- ھۆججەت. لۇ.ئاندروپوۋدىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا، «خىتايدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش»، 1958- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى

3.1- ھۆججەت. م.زىمىيانىندىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە لۇ.ۋ.ئاندروپوۋغا ئەسلەتمە، 1958-– يىلى 2-– ئاينىڭ 10- كۈنى

3.2- ھۆججەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىن بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى لۇ جيەنرېن ئارىسىدىكى مۇھاكىمە خاتىرىسى، 1958- يىلى 1- ئاينىڭ 7 - كۈنى

3.3- ھۆججەت. ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خۇاڭجاڭ بىلەن بولغان مۇھاكىمىنىڭ خاتىرىسى ، 1958- يىلى 1- ئاينىڭ 22- كۈنى.

4- ھۆججەت. م.زىمىيانىندىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە لۇ.ۋ.ئاندروپوۋغا، «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىك ئالامەتلىرى ھەققىدە» 1958- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى.

5- ھۆججەت. م.زىمىيانىندىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە لۇ.ۋ.ئاندروپوۋغا، 1958- يىلى 8- ئاينىڭ 18- كۈنى.

يۇقىرىقى ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتاي ۋە ئۇيغۇر پارتىيە ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلاردىن ۋاقىپلاندۇرۇشنى خالايتتى ۋە (بۇ جەرياندا) ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتەتتى. ئۇلار ئاشكارىلىغان ئۇچۇرلار بىزنى شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىدىكى ئىختىلاپلار ھەققىدە مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانمىغانىدى. بۇ خىل زىددىيەتلەر خىتايلار بىلەن خىتايدىن بولمىغانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى پىرقىلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ زاكىروفنىڭ شەرقىي تۈركىستان كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر كوممۇنىست سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى ھەممىدىن بەك دىققەت تارتىدۇ. ئابدۇللاھ زاكىروفنىڭ سەيپىدىننى يوشۇرۇن مىللەتچى دەپ سۈپەتلىشى كىشىگە يېقىنقى چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاندا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كىتابلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. (يۇقىرىدا گېپى چىققان) ئابدۇللاھ زاكىروف نۆۋەتتىكى (ئاتالمىش) ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ دادىسىدۇر.

(يۇقىرىدا بايان قىلىنغان) تارىخىي كۆرۈشۈشلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى بىلەن زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقىقا ئىگە. گەرچە ئارىدىن ئاتمىش يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، خىتاي كومپارتىيەسى يەنە ئۆزىنى «تازىلاۋاتىدۇ» ۋە ھېلىھەم خىتاي بولمىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساداقىتىنى سىناۋاتىدۇ. 2017- يىلىنىڭ بېشىدا، شەرقىي تۈركىستاندا «ئىككى يۈزلىمچىلەر»گە قارشى زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلاندى. خىتاي بۇ «ئىككى يۈزلىمچىلەر»نى تېرورىزىمغا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى كۈرەش يولىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ سۈپەتلىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرى ھەركۈنى «توغرا – خاتاغا چېتىلىدىغان پىرىنسىپال مەسىلىلەردە مەيدانى ئېنىق بولمىغان، تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەس» بۇ «يېڭى دۈشمەن»لەرنى ئەيىبلەش بىلەن ئاۋارە. بىزگە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرلارغا كۆرە، بۇ خىل «ئىككى يۈزلىمچى»لەر ئاساسلىقى ئاخىرقى ھاياتىدا ئىسلام دىنىغا بولغان مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇيغۇر مەمۇرلار ئارىسىدىن چىققان.

شى جىنپىڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشەنچىسىز، خىتايلاردىن بولمىغان كوممۇنىستلارنى تازىلاش ھەرىكىتى ماۋ زېدوڭنىڭ 1950- يىللىرىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىكنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە ئوخشاش شەرقىي تۈركىستاندا (خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان) سادىقلىق ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇندەك قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت قانچىلىك داۋام قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا قانچىلىك ئادەمنىڭ ھاياتى نابۇت بولىدۇ، بۇلارنىڭ جاۋابىنى كەلگۈسىدە كۆرىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر قاراقۇرۇم

https://www.wilsoncenter.org/blog-post/the-1957-58-xinjiang-committee-plenum-and-the-attack-local-nationalism

# لاگېرغا "باغلانغان" ئادەم



ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئەكسىچە دىن، مىللەت، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن بىزنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق بىر مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان جىن بۇنىن (GeneBunin) دۇر. ئۇنداقتا، جىن بۇنىن كىم؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىلىش مەسىلىسىگە بۇ قەدەر جىددىي مۇئامىلە قىلىدۇ؟

جىن بۇنىن 1985 - يىلى 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى رۇسىيەنىڭ ليۇبېرتسى (Lyubertsy) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئائىلىسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن.

1998 - يىلى ئامېرىكانىڭ ماساچۇسېتس (Massachusetts) شتاتىدىكى ئاشلەند (Ashland) تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

«2019 - يىلى 25 - نويابىر بىر ئىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىشقا ياخشى بىر كۈندەك قىلىدۇ.

بۈگۈندىن باشلاپ، تاكى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى جازا لاگېرلىرى يوقالغىچە ( ياكى مەن يوقالغىچە) مەن ئەمدى بىر «تەتقىقاتچى» ئەمەس. مەن بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرىمنى، ماتېماتىكا تەتقىقاتىمنى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىمنى، ئۇيغۇر رېستۇرانى ھەققىدىكى كىتابىمنى ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىنى ئۆگىنىش ئىشىمنى ھەمدە باشقا تۈرلۈك ئىش پىلانلىرىمنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، پۈتۈن كۈن بارلىق ئىمكانىيىتىم بىلەن ئۆزۈمنى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى جازا لاگېرلىرى سىستېمىسىنى تاقىتىشقا بېغىشلايمەن (كۈنىگە 3 - 4 سائەت تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشۇمنى قامدايمەن).

بۇ يىل 5- ئايدىن بېرى گەرچە تەتقىقاتلىرىمنى ئازراق بولسىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن بولسامۇ، مېنىڭ ھاياتىم لاگېرلارنىڭ ئىشى بىلەن بىر ئىزدا توختاپ قېلىقلىق، ئەمدى ساقلاپ تۇرغىلى بولمىدى. شىنجاڭ(شەرقىي تۈركىستان)دىكى ۋەزىيەت كىشىلەر ھاياتىنى نورمال داۋاملاشتۇرالمىغۇدەك، قىلچىلىك كىشىلىك ئىنتىلىشىمۇ بوغۇپ تاشلانغۇدەك دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتتى. مېنىڭ قارارىم مۇشۇ ئەھۋاللارغا يەنە بىر جىددىي سىگنال بولۇپ قالسا بولاتتى...».

يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلىرىمىز بەلكىم بۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى سۆيۈملۈك ئاتا – ئانىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق – تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى ياكى بىرقانچىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، چارىسىزلىك ئىلكىدە تىپىرلاپ، يۇقىرىقىدەك «پۈتۈن ھاياتىنى لاگېرلارنى تاقىتىش ئىشلىرىغا ئاتاش باياناتنامىسى»نى ئېلان قىلغان شەرقىي تۈركىستان پەرزەنتى، دەپ پەرەز قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر راست شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، خاتالاشقان بولىسىز. چۈنكى، يۇقىرىقى «بايانات»نىڭ ساھىبى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرقداشلىق، قانداشلىق، دىنداشلىق دېگەندەك

2002 - يىلى ماساچۇسېتس شىتاتىدىكى تافتىس ئۇنىۋېرسىتېتى (Tufts University)نىڭ خىمىيە قۇرۇلۇشى كەسپىدە باكالاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى باشلاپ، 2007 – يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

2009 - يىلى شىۋېتسارىيەدىكى لوزان تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەۋزەللەشتۈرۈش كەسپىدە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلاپ، 2013 – يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

جىن بۇنىن 2008 – يىلىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، 2013 – يىلى ئۇيغۇر تىلى ۋە خىتاي تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى»غا ئوقۇشقا كىرىپ 2015 – يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى جەھەتتە، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ خەرىتىلىك لۇغىتى» (1) دېگەندەك مۇھىم ئەمەلىي خىزمەتلىرى بار.

ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاش ۋە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىزچىل يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن.

بولۇپمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر، ئاز بىر قىسمى قازاق ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مىليونلارچە بىگۇناھ يەرلىك خەلقنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تۈركۈملەپ قۇرغان «قايتا تەربىيەلەش» نامىدىكى مېڭە يۇيۇش لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى ۋە ئۇ يەردە ئىنسانىيلىققا تۈپتىن زىت مۇئامىلىلەرگە، قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقى، ھەتتا شۇ يەردە ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، جىن بۇنىن بۇ مەسىلىگىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە قولىدىن كېلىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى خەلقئارالىغا ئاڭلىتىپ، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.جىن بۇنىننىڭ مەزكۇر پائالىيەتلىرى ماقالىمىزنىڭ بېشىدا نەقىل قىلىنغان، 2018 – يىلى 11 – ئاينىڭ 25 – كۈنى ئۇنىڭ فېيسبوك بېتىدە ئېلان قىلىنغان شۇ يازمىسى ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

جىن بۇنىن شەرقىي تۈركىستاندىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» يوقالغانغا قەدەر كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، بۇ يولدا ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، دۇنيادا ئەڭ داڭلىق تارانقۇلاردىن ئەنگلىيە «قوغدىغۇچى گېزىتى» (The Guardian)نىڭ تور بېتىدە «بىز ۋەيران قىلىنغان خەلق: خىتايدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن تەشۋىش ئىچىدە ياشايدۇ؟» (We're a people destroyed': why Uighur Muslims' across China are living in fear) دېگەن تېمىدا (2)؛ «livingotherwise» توردا «<دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك مۇسۇلمانلار> ئۆز <بەختى>گە قانداق تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ؟» (How the "Happiest Muslims in the World" are Coping with Their Happiness) دېگەن تېمىدا (3) ۋە باشقا بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى يېزىپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى توغرىسىدا، خىتايغا قارشى جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى .جىن بۇنىن قوزغىغان <<ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك تېۋىشى>> ( Uyghur Pulse ) گۇۋاھلىق سىن ھۆججەتلىرىنى يوللاش پائالىيىتىنىڭ ھەر ئايلىق يۈرۈشلۈك سىن ھۆججەتلىرى يۇتيۇبدا ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. ھەرئاينىڭ 7-كۈنىگىچە ھەر كىم ئۆزىنىڭ يېڭى گۇۋاھلىقىنى جىن بۇنىنغا يوللاپ بەرسە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ «شاھىت بىز»( 4) تور بېتىنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغانلارنىڭ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ لاگېردىكىلەر ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇردى. شۇئاندا (2019 – يىلى 10 – ئاينىڭ 9 – كۈنىگىچە) مەزكۇر تور بەتتە بېرىلگەن گۇۋاھلىقلارنىڭ سانى 5382 گە يەتكەن.

تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر قاراقۇرۇم

https://www.shahit.biz/eng/
https://www.youtube.com/channel/UCxtHBfWaWYQPNgfvdvSDn4A

(1)http://www.ccapprox.info/uyghur/dialects.php#7
(2)https://www.theguardian.com/news/2018/aug/07/why-uighur-muslims-across-china-are-living-in-fear
(3) https://livingotherwise.com/2018/07/31/happiest-muslims-world-coping-happiness/
(4)www.shahit.biz



# بىز ۋە يىراق قىلىنغان خەلق

## خىتايدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن تەشۋىش ئىچىدە ياشايدۇ؟

جېن بۇنىن

مەن خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاشپۇزۇللىرى توغرىسىدا تۈزۈشنى پىلانلىغان «تاماق يېتەكچىسى»گە كىرگۈزىدىغان ئاشخانا ئىزدەۋېتىپ، كېرىمنىڭ ئاشخانىسىغا كىرگىنىمگە ئالاھەزەل بىر يىلچە بولدى. مەن ئەللىكتىن ئارتۇق خىتاي شەھىرىنى كېزىش جەريانىدا، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئاشخانا – رېستورانغا كىردىم. كېرىمنىڭ ئاشخانىسى بۇلارنىڭ ئىچىدە مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئاشخانىنىڭ پولوسى مەززىلىك، كەيپىياتى ئىللىق بولۇپ، كېرىممۇ ناھايىتى خۇش پېئىل ساھىبخان ئىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى تاماق جەريانىدا دائىم بەزى «جىددىي» مەسىلىلەر توغرىسىدا چاقچاق ئارىلاش پاراڭلىشاتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقىنىمدا، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان، خىتايلار مۇتلەق كۆپ قىسىم نوپۇسنى ئىگىلەيدىغان بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى. بىر قانچە خېرىدار يەرلىك مېھمانخانىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن ھامان <ياتاق قالمىدى> دەپ ئۇلارغا ياتاق بەرگىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك بۇ شەھەردە تۇرغۇدەك يەر تېپىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ھەتتا بىر ئۇيغۇر ساقچىغىمۇ مېھمانخانىدا ياتاق بېرىلمىگەنلىكىنى چاقچاق تەرىقىسىدە سۆزلەپ بەردى. نەچچە خىل تىلنى پىششىق بىلىدىغان، ئاسانلا ئوتتۇرا شەرقلىقلەرگە ئوخشىتىپ قېلىنىدىغان كېرىم ئۆزىنىڭ بەزىدە مېھمانخانىلارغا كىرىپ ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇنى چەتئەللىك ئوخشايدۇ دەپ قېلىپ، مېھمانخانىسىدا بوش ياتاق بارلىقىنى ئېيتىدىغانلىقىنى، لېكىن كىملىكىنى كۆرسىتىدىغان چاغدا، كېرىمنىڭ خىتاي كىملىكى ۋە ئۈستىدىكى «ئۇيغۇر» دېگەن خەتنى كۆرگەن ھامان گېپىدىن يېنىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ خىل «مۆتىدىل» كەمسىتىشلەر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. كېرىمنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى يۇقىرىقىدەك پاراڭلارنى قىلىۋاتقان پەيتتە، يەنى 2017 - يىلى ئەتىيازدا، ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى، ئون مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ماكانى ـــ شەرقىي تۈركىستان ئاللىقاچان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش نامىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. بۇ خىل قاتتىق سىياسەت ئىلگىرى تىبەت كومپارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى بولغان، قاتتىق قوللۇقى

بىلەن داڭ چىقارغان چېن چۈەنگو شەرقىي تۈركىستاندا پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باشلانغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشىنى بىر قانچە قېتىملىق «زوراۋانلىق» ۋەقەلىرىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس دەپ، ئۆز قىلمىشلىرىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) تەدبىر – سىياسەتلىرى ئۇيغۇر كىملىكىنى ۋەيران قىلىشنى نىشان قىلغان» دېگەندەك تەنقىدلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدا ۋەزىيەت پەۋقۇلئاددە ناچارلىشىپ، پۈتۈن  شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ھەممە تەرەپتىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇلدى ۋە تەخمىنەن بىر مىليون ئۇيغۇر تەدرىجىي ھالدا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاندى، تۈرمىگە تاشلاندى ياكى «غايىب بولدى». بۇ لاگېر ۋە تۈرمىلەردىكى ياشاش شارائىتى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق دوكلاتلىرىدا ساغلام بولمىغان ياشاش شارائىتلىرىلا ئەمەس، سېستىمىلىق قىيىن – قىستاق، زوراۋانلىق ۋە مېڭە يۇيۇش پائالىيەتلىرىمۇ ئورۇن ئالدى. 30 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان جېيمىس ئا مىلۋارد (James A Millward) نىڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دىكى ماقالىسىغا كۆرە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سالمىقى ھېچقاچان 2017 – يىلدىن كېيىنكىدەك ئېغىر بولۇپ باقمىغان.

بۇلتۇر ئەتىيازدىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىنسانىي ھەق – ھوقۇقنى، تىرىكچىلىكنى، كىملىكنى ۋە ئەڭ ئەقەللىي ئەركىنلىكنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن بىر «يوقىتىش مەزگىلى»نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كېرىم ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە ياشاپ باققان ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش دولقۇنىدا تېخىمۇ بەكرەك زەربىگە ئۇچرايتتى. مەن بۇ يىلنىڭ دەسلىپىدە، كېرىمنىڭ مەھەللىسىگە بارغىنىمدا، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپ ئەكېتىلگەنلىكى، ئاندىن تۈرمىگە تاشلانغانلىقى، ئارقىدىن «ئۇزاققا سوزۇلغان ئېغىر ئەمگەك» سەۋەبلىك ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم.

كېرىمنى دۆلەت ئۆلتۈرۈۋەتتى دېيىشكە بولاتتى.

خىتاي دۆلىتى بولسا، ئۆزىنىڭ  شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىش – ئەتمىشلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ناچار مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرنىڭ «ئاساسسىز» ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەنقىدلەرنىڭ «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق» بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

 شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي پارتكومى تاشقى تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غەيرەت سەلەي بولسا ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان باياناتىدا شۇ قەدەر چەكتىن ئاشتىكى، تەپ تارتماي «دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك مۇسۇلمانلار شىنجاڭدا ياشايدۇ» دېيەلىدى.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بەختى ھەققىدە ئۇيغۇرلارنى سۆزلىتىش ئەڭ توغرا ئىدى، لېكىن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇچۇرلارنى پەۋقۇلئاددە قاتتىق قامال قىلغاچقا، (بۇ ھەقتە) ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بەسىي مۈشكۈل. بولۇپمۇ ئاخباراتچىلار ناھايىتى قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار زىيارەت قىلىشقا ئۇرۇنغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارغا راست گەپنى ئېيتىشتىن بەكلا قورقىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلار دۇچ كېلىۋاتقان خەتەر تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، 4 - ئايدا «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»دا ئىشلەيدىغان تۆت ئۇيغۇرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېقىن ئۇرۇق – تۇغقانلىرى قولغا ئېلىنغان. «ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتىدىكى ماقالىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ «ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇلارنى <قاپ يۈرەكلىكى> سەۋەبلىك قورقۇتۇش ياكى جازالاش ئۇرۇنۇشى» ئىدى.

مەن قەشقەردىكى ۋاقتىمدا، مەن تۇرۇۋاتقان مېھمانخانا تۇيۇقسىزلا «ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى» سەۋەبلىك تاقىۋېتىلدى، شۇنداقلا مەن شۇنىڭدىن باشقا مېھمانخانىلارغا ياتاق ئىزدەپ بارغىنىمدا ئۆزۈمنىڭ قارا تىزىملىككە

كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇم. مەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ، (قەشقەردىن) تەخمىنەن بەش مىڭ كىلومېتىر شەرقتىكى خەلقئارا سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يىۋۇغا بارغاندىمۇ، مېنىڭ بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقەم ئالاھىدە دىققەتنى تارتتى. ئىككى قېتىم، يەرلىك ساقچىلار مېنى «خىتاي قانۇنىغا بويسۇنۇش» ۋە «شىنجاڭلىق ئەسكى كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرمەسلىك» ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى، ئۇلارنىڭ «شىنجاڭلىق ئەسكى كىشىلەر» دېگىنى ئۇيغۇرلار ئىدى.

لېكىن، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، مەن مەيلى خىتاي ئۆلكىلىرىدە، مەيلى شەرقىي تۈركىستاندا، تىل تەتقىقاتىم ۋە «تاماق يېتەكچىسى» تۈزۈش جەريانىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك 18 ئاي ۋاقىتىمنى ئاشۇ «ئەسكى كىشىلەر»نىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزدۈم. بۇ مەزگىلدە، مەن يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشخانا خىزمەتچىسى، سودىگەر، ئۇششاق تىجارەتچى ۋە كوچىلاردا يېمەك – ئىچمەك ساتىدىغانلار ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا، بىز سىياسىي تېمىلاردا پاراڭلاشمايتتۇق. لېكىن شۇنداقتىمۇ، مەن سۆزلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، بەزىدە ئەگەر سىياسىي تېمىلاردا پاراڭلاشمىساق، دېيىشكۈدەك ھېچقانداق گەپ چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئامالسىز بۇ تېمىدا پاراڭلىشىپ قالاتتۇق.

مەن ئۆزۈم بايقىغان ئۇچۇرلارنى رەتلەۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن پىكىر بايان قىلالمايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ ۋەزىپە ـــ قورقۇنچتىن ئەمىن بولغان بىر شارائىتتا ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن، شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ماقالەمدە تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەھۋاللار ئوقۇرمەنلىرىمىزنى شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئازدۇر – كۆپتۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلالىسا ئەجەب ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم يېرىدىكى مەلۇم بىر كوچىدا مەن كەپتەر كاۋىپى ۋە ئەتكەن چېيىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان بىر ئاشخانا بار. مەن شۇ ئەتراپقا بارغانلىكى ۋاقتىمدا، ئۇ ئاشخانىغا دوقۇرۇپ ئۆتەتتىم. مەن ئاخىرقى قېتىم ئۇ ئاشخانىغا بارغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كېلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈر ئېيتىپ قوياي دەپ ئويلىغانتىم. لېكىن، ئاشخانا خوجايىنى مېنى كۆرگەندىن كېيىن رەنجىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ناھايىتى ھەيران بولغىنىچە: «مەن سىزنى چوقۇم دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى دەپ ئويلىغاندىم» دېدى ۋە قولىدىكى (كىملىك ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغان) چىپار (QR) كود بار پىچىقىنى قويۇپ، مېنى بىر ئۈستەلگە باشلىدى ۋە ھايال بولمايلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

شۇ چاغدا بىز كۆرۈشمىگىلى بىرەر يىلچە بولۇپ قالغان، نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشخانىسىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، يەنى تەخمىنەن ئون كىشى «قايتا تەربىيەلەش» ياكى «يۇرتىدا قاماققا ئېلىش» ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتىغا قايتۇرۇلغانىدى. كەپتەر كاۋىپى، ئەتكەن چاي ۋە خېرىدارلارنىڭ نۇرغۇنى يوق بولغانىدى. شۇئاندا ئاشخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار بەكلا ئاز قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادەم تېپىشمۇ ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن خوجايىندىن يەنە بىر كونا دوستۇم بولغان جىيەنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەلۇم دۆلەتتە بىر يىل تۇرغانلىقى سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى ئېيتتى. خوجايىن ماڭا: «يۈرىكىمىز پارە – پارە بولۇپ كەتتى» دېدى.

ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن ئەھۋال سورالغاندا، ھال – ئەھۋالدىن شىكايەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن، مەن يېقىندا ئۇيغۇرلاردىن «ئىشلار تازا ياخشى ئەمەس» دېگەن سۆزنى جىق ئاڭلىدىم. بۇلتۇر بىر ساياھەت يېتەكچىسى تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدىكىدىن خېلىلا جۈدەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ «بىر يىلنىڭ ياقى ھەممىمىز دېگۈدەك جۈدەپ كەتتۇق» دېدى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەشۋىش شۇ دەرىجىدە ئومۇملاشقانىدىكى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ نازارەت قىلىنىۋاتقان بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىر قېتىم مەن خىتاينىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەردە بىر رېستۇران باشقۇرغۇچىسى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالنىڭ پەقۇلئاددە ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن «مەسىلە بار» كىتاب چىقىپ قېلىپ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ «تۈرمە»

دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، ئارقىمىزدىكى ئۇستەلگە قارىدى ۋە «بۇ يەردە ساقچى بار» دەپ پىسىلداپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى.

نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاي تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان «ئۈندىدار» يۇمشاق دېتالىدىكى چەتئەللىك دوستلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. بۇلتۇر مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مېنى (ئۈندىدار دوستلار تىزىملىكىدىن) ئۆچۈرۈۋەتكەن بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدىم، مەن دەسلەپتە ئوتتۇرىغا ئادەم قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشتىم، كېيىن يۈز تۇرانە كۆرۈشتۇق. هازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسامچۇ دەپ قالىمەن. بىز بىر ۋاق تاماقنى ئېغىر سۈكۈنات ۋە ئوڭايسىزلىق ئىلكىدە يېدۇق. گەرچە دېيىشىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بولسىمۇ، ھەممە نەرسە چەكلەنگەندەك تۇيۇلغاچقا، مىنۇتلارچە لام – جىم دېمەي ئولتۇرغان چاغلىرىمىز بولدى. بىزنى بىرەرسى نازارەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەيتتى، ئەمما دوستۇم باشتىن ئاياغ بىئارامچىلىق ئىچىدىلا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم يېزىۋاتقان كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تەڭلىگىنىمدە، ئۇ كىتابقا مۇنداقلا بىر قاراپ قويدى – يۇ، كىتابنى ۋاراقلاپمۇ باقمىدى. مەن ئىككىمىز ئورتاق تونۇيدىغان مەلۇم بىرەيلەنىنىڭ هازىرمۇ شۇ ئەتراپتا بار – يوقلۇقىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنداق بىرىنى «تونۇمايدىغانلىقىنى» ئېيتتى ۋە «هازىر سېنىمۇ تونۇمايمەن» دەپ قوشۇپ قويدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، كىشىلەر دائىم ياپتا گەپلەرنى ئىشلىتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى «يوق» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆز «ئۆلدى»، «بۇ يەردە ئەمەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەن بىر قېتىم مەلۇم بىر ئادەمگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگىنىمدە، بىر دوستۇم ماڭا؛ «نېمە دەۋاتقىنىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئۇ ئادەم يوق. ئۇنىڭ هازىر باشقا بىر ئۆيى بار» دېگەنىدى.
مەن بۇلتۇر «ئادەم يوق» دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئاڭلىدىم. بۇ سۆز خىزمەتچىلەرنىڭ، خېرىدارلارنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

تەبىئىيكى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەرگىز بىۋاستە «يىغىۋېلىش لاگېرى» دەپ ئاتالمايتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا، كىشىلەر (بىراۋنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولانغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) «ئوقۇشتا»، «ئۆگىنىشتە»، «تەربىيەلەشتە»، گاھىدا «مەكتەپتە» دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى.

شۇنىڭدەك، كىشىلەر بۇ يەردىكى ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدا توختالغاندىمۇ «زۇلۇم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، «ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس» ياكى «ۋەزىيەت چىڭ» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىناتتى.
گەرچە گەپلەر مۇشۇ رەۋىشتە يوپۇتۇپ ئېيتىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشمەسلىك مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن خىتايدىكى بىر كونا (ئۇيغۇر) دوستۇم بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئىمكانقەدەر سىياسىي تېمىلارغا چېتىلماي، ئۇنىڭ بىلەن نورمال، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىششقا تىرىشقانىدىم، لېكىن بۇ مۇمكىن بولمىدى. مەسىلەن، مەن ئۇنىڭدىن شۇ كۈنى بىز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ شەھەردىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار قاتنىششى كېرەك بولغان سىياسىي يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن هازىرمۇ بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇيدىغان – ئوقۇمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ هازىرقى سىياسەتتە بۇنىڭ (كىتاب ئوقۇشنىڭ) قاتتىق چەكلىنىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق كىتاب ئوقۇشنىڭ كۈتمىگەن يەردىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن كەلگۈسى غايىسىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركچە تاماقخانىدا ئاشپەز بولغۇسى ۋە ئۆز ئالدىغا رېستۇران ئاچقۇسى بارلىقىنى، ئەمما بۇنداق قىلىشنىڭ مۇقەررەر هالدا شەرقىي تۈركىستاندا تۈرمىدە يېتىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، خىتاي ئىزچىل ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا تۈركىي ۋە مۇسۇلمان قەۋملەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتاتتى.

بەزى ئەھۋاللاردا، مەن پەۋقۇلئاددە زور ئۈمىدسىزلىك سەۋەبلىك، ئىچىدىكىنىڭ ھەممىنى سۆزلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان كىشىلەرنىمۇ كۆردۈم. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، بۇلتۇر كۈزدە، قەشقەردە فورما كىيىۋالغان بىر ئامانلىق ساقلىغۇچى مېنى بىر چايخانىدا يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ پاراڭلىششقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشلىمىگەن بولۇپ، سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ قايتىپ كەلگەنىكەن.

پارىڭىمىز تولىمۇ جىددىي تۈستە باشلاندى. ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى بىلىدىغان – بىلمەيدىغانلىقىمنى ۋە ئۇيغۇرلارغا خەلق سۆيىتىدە قانداق قارايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى سوئالىغا شەرقىي تۈركىستاندا تۇرغان بىر قانچە يىلدا نەچچە قېتىم دۇچ كەلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭغا مۇجمەللا قىلىپ: «ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ياخشىلىرىمۇ، يامانلىرىمۇ بار خەلق» دەپ جاۋاب بەردىم.

«ئىچىڭىزدىكىنى يوشۇرۇۋاتىسىز» دېدى ئۇ ماڭا قاراپ «ئەتراپىڭىزغا قاراڭ، كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، بىز ۋەيران قىلىنغان خەلق» دېدى.

مەن ئادەتتە خىتايدىكى ھەرقانداق فورمىلىق ئادەملەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىياسىي كۆز قارىشىمنى بايان قىلمىدىم. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزدا بولۇنغان پاراڭلارنى ھەقىقىي ئۈمىدسىزلىكنىڭ مەھسۇلى ئىكەن دەپ ئويلاشقا باشلىدىم. مەن ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭ قەلب سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇ قەشقەردىكى كەچلىك بازارغا يېقىن بىر يەردە ئىشلەيتتى. ئارىمىزدىكى سۆھبەتتىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەقەتلا ئۇچرىتالمىدىم.

شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەقە خىتاي ئۆلكىسىدىكى مەن ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم بارغان بىر ئاشخانىدا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ ئاشخانىدا ئىلگىرىكى مۇلازىملارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەندىن باشقا ھەممىسى كېتىپ قالغانىدى. ھېلىقى (قېپقالغان بىردىنبىر) مۇلازىم مېنى كۆرگەن ھامان، قولىدىكى ھەممە ئىشنى تاشلاپ، مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئولتۇردى. مېنىڭ قەشقەردىن «قوغلانغانلىقىم» ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ نورمالدا «چەكلىنىدۇ» دەپ قارىلىدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى دەۋەتتى.

«مىليونلىغان ئۇيغۇرلار لاگېرلارغا سولاندى. ئۇ يەردە ئۇلارغا تۇرۇپ قالغىنىغا ئون بەش يىل بولغان گۆرۈچلەر يېگۈزۈلىۋاتىدۇ، ئۇلار يەنە تاياقمۇ يەۋاتىدۇ» دېدى ئۇ. ئۇ يەنە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي يىغىنلارغا قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى، بۇ خىل يىغىنلاردا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 – قۇرۇلتىيى دېگەنگە ئوخشاش سىياسىي تېمىلاردا سىناقلار ئېلىنىدىغانلىقىنى، سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.







«ساقچىلار بىز بىلەن پاراڭلاشقاندا، ھەممە ئىشتىن شۈبھىلىنىدۇ. ئۇلار بىزدىن <تاماكا چېكەمسەن؟> دەپ سورايدۇ، ئەگەر چەكمىسىڭىز، نېمىشقا چەكمەيدىغانلىقىڭىزنى سورايدۇ. ئۇلار يەنە بىزدىن ناماز ئوقۇمسەن؟ چەتئەلگە

چىققۇڭ بارمۇ؟ ئىلگىرى پاسپورتقا ئىلتىماس قىلغانمىدىڭ ياكى ئالىدىقاچان پاسپورت ئېلىپ بولغانمۇ؟ دېگەنلەرنى سورايدۇ. ئەگەر (بۇ جەرياندا) ساقچىنىڭ يۈزىگە قارىسىڭىز، ئۇ سىزدىن نېمىشقا ئۆزىگە قارىغىنىڭىزنى سورايدۇ؛ ئەگەر (ئۇنىڭغا قارىماي) يەرگە قارىۋالسىڭىز، ئۇ يەنە نېمىشقا يەرگە قارىۋالسەن دەپ سورايدۇ. ھەر قېتىم پويىزغا چىققىنىمىزدا، بېكەتتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم (مەخسۇس بىز ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان) ئايرىم بىر ئۆيدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك. ئۇلار ئۇ ئۆيدە بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزنى تەكشۈرىدۇ ۋە بىزنى سوراق قىلىدۇ» دېدى ئۇ.
مەن ئۇنىڭ گەپلەرنى بۇنچە ئېچىپ دەۋەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئەمما، ئۇمۇ ئۆزى (مۇشۇ گەپلەرنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك) دۈچ كېلىدىغان خەۋپنى ھېس قىلغاندەك ياكى پات يېقىندا تۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. دېگەندەك، بىر ھەپتىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى تازىلاش دولقۇنىدا، ئۇ مەجبۇري ھالدا «يۈرتىغا قايتۇرۇۋېتىلگەن»لەرنىڭ قاتارىدا ئىدى.

بۈلتۈر 10 - ئايدا خىتاينىڭ 19 – قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا توردا قىزىققارلىق بىر ھادىسە يۈز بەردى. خىتايچىنى ئاساسەن بىلمەيدىغان ئۇيغۇر دوستلىرىم تۇيۇقسىزلا شى جىنپىڭ ۋە خىتاي قۇرۇلتىيىنى مەدھىيەلەيدىغان، ناھايىتى ئۇزۇن ھەم راۋان خىتايچە يازمىلارنى تورلاردا يوللاشقا باشلىدى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن مەن «ئۈندىدار»دا «مەيداننى ئىپادىلەش» ئىقتىدارىغا ئىگە سالونلار بارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ سالونلاردا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تەييارلاپ قويۇلغان ئۇيغۇرچە ياكى خىتايچە باياناتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزسىلا بولىدىكەن. مەزكۇر بايانات كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بولغان سادىقلىق، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى قوغداپ، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىسمىنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىنكى (رەسمىدە كۆرسىتىلگەندەك) رەسىمنى «ساداقەت»نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بىۋاستە (ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكى دېگەندەك) ئىجتىمائىي تورلارغا چىقارغىلى بولاتتى.

خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى مەن زىيارەت قىلغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا، بۇ خىل «ساداقەت» گەپتىن بەكرەك كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەردە ئىپادىلىنەتتى. تۈزۈمگە ئاساسەن، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ئۆزى جايلاشقان كوچىدىكى خىتاي بايرىقى ئېسىلغان بىردىنبىر جاي ھېسابلىناتتى. قىزىل بايراق ئۆز نۆۋىتىدە تېرورىزىمغا قارشى قەتئىي كۈرىشىش ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بەزىدە ئاشخانىنىڭ ئىچىدىمۇ كىچىك بايراقلار، شى جىنپىڭنىڭ سۈرىتى ياكى خىتايدىكى مىللەتلەرنى «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش»قا چاقىرغان شوئارلار بار بولاتتى.
ھەتتا، بەزى ئاشخانىلاردا خىتاي كومپارتىيەسى ۋە شى جىنپىڭغا ئالاقىدار ئۇيغۇرچە كىتاپلارمۇ تىزىلغان بولاتتى.
يەنە بىر ئۇيغۇر دوستۇم خىتاينىڭ مەلۇم بىر ئۆلكىسىدە كىچىك دۇكان ئاچاتتى. يېقىندا يەرلىك ساقچىلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئىمپورت ماللىرىنى «خىتايچە ماركا يوقكەن» دېگەن باھانىدە مۇسادىرە قىلىۋاپتۇ.

لېكىن، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر ياشلىرىنى قارىقويۇق نىشانغا ئېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىۋېتىپمۇ «مەن نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۇم. ئەگەر ئۇلار مېنى قولغا ئالسا مەيلى. بولىدىغان ئىش ھامىنى بولىدۇ» دېدى.

(مانا شۇنىڭدەك) كۆپ قىسىم ئۇيغۇرغا نىسبەتەن (بىر ئۆمۈر خىتايغا سادىق خىزمەت قىلغان نۇربەكرى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى قادىر مەمەتكە ئوخشاش ئاكتىپلارنىڭمۇ ئاقىۋەتتە ئاللىقانداق باھانىلەر بىلەن خىتاي تۈرمىلىرىگە تاشلانغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، بۇ يەردە <ھەرقانداق ئۇيغۇرغا نىسبەتەن> دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن، ت) تۇتۇلۇپ كېتىش ۋە قولغا ئېلىنىش تەشۋىشى كۈندىلىك ھاياتنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان.

بۇ دوستۇم ۋەزىيەت توغرىسىدا توختالغاندا: «ھازىرقى بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان دۇنياسى دۈچ كەلگەن بىر سىناق. سۈرىيەدە ياكى دۇنيانىڭ باشقا يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارغا قارايدىغان بولسىڭىز، پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ سىناققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز. لېكىن، ئاللاھ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېدى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۇ نامىزىنى خىتاي

دائىرىلىرى بايقىيالمايدىغان شەكىلدە، ئورۇندۇقتا ياكى يول بويىدىكى بىرەر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇۋېتىپتۇ.

باشقىلارغا نىسبەتەن، ئۆمىد كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ماڭا «ئىشلار پات يېقىندا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دەيتتى – يۇ، بۇ سۆزنىڭ ئاساسىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. بەزىلەر تۇتۇپ كېتىلگەن دوستى ياكى ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. «چۈنكى، ئۇلار تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقىلى نۇرغۇن ئايلار بولغانىدى». يەنە بەزىلەر «تېرورىزىم مەغلۇب قىلىنغان هامان» ۋەزىيەتنىڭ نورماللىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى...

لېكىن، بۇ خىل ئۈمىدۋار سادالار شىددەتلىك ۋاقىت ئېقىنلىرى ئارىسىدا غايىب بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئايلار يىللارغا ئايلانغان بولسىمۇ، قاماقتىكىلەر ھېلىھەم قاماقتا ئىدى، ئاشخانىلار داۋاملىق خىزمەتچى ۋە خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. خۇلاسە، ۋەزىيەت بارغانسېرى ناچارلىشىۋاتاتتى.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلغان





# روبېرت دانكوف ۋە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىككى شاھانە ئەسىرى

ھېكمەتيار ئىبراھىم

تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىككى شاھانە ئەسىرى بولغان دىۋانى لۇغەتىت تۈرك ۋە قۇتادغۇبىلىگ پروفېسسور روبېرت دانكوف تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان. پروفېسسور، دوكتور روبېرت دانكوف 1943-يىلى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1964-يىلى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە كەسپى بويىچە باكلاۋېرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. دوكتورلۇق تەتقىقاتىنى 1971-يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماملىغان.

روبېرت دانكوف ئوتتۇرا مەكتەپتە لاتىنچە ئۆگەنگەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇنىۋېرسىتېت دەۋرىدە گېرمانچە ۋە گىرېكچە ئۆگەنگەن. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۈركىيەگە كەلگەن، تۈركچە ئۆگەنگەن ۋە تۈركىيەدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېقىن شەرق تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا تۈركولوگىيە بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان، ئارقىدىن بۇ كەسىپتە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان.

تۆۋەندىكىسى پروفېسسور روبېرت دانكوفنىڭ تۈركىيە بىلكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور باربارا بلەكۆېل گۆلەن بىلەن قىلغان ئىنگلىزچە سۆھبىتىدىكى ئىككى بۈيۈك ئەسىرىمىز ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئائىت بايانلاردۇر. روبېرت دانكوف سۆھبەتتە مۇنداق دەيدۇ: دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەمنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى توغرۇلۇق يازدىم. ئەرەپچىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەندىم. ئەسلىدە مەن تۈركىيەدىكى چېغىمدا ئەرەپچە ئۆگىنىشنى باشلىغان ئىدىم. تۈركىيەدە مەن تۇرغان يەردىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى مېنىڭ ئىنگلىز تىلى كەچلىك دەرسىمگە قاتناشتى. بىز تونۇشتۇق، ئارقىدىن بىر-بىرىمىزدىن دەرس ئېلىشقا باشلىدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئىنگلىزچىدىن ئايرىم دەرس ئۆتۈپ بېرەتتىم، ئۇ ماڭا ئەرەپچە ئۆگىتەتتى. بۇ تەرىقىدە مەن كلاسسىك ئەرەپچىنى ياخشى سەۋىيەدە ئۆگىنىۋالدىم. بۇ مېنىڭ ئەرەپچىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمدە پايدىلىق بولدى، چۈنكى، مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئەرەپچىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان ئىدىم. مېنىڭ تەتقىقات پروگراممام تۈركولوگىيە، كلاسسىك تۈركولوگىيە، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئابىدىلىرى تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىدى. مەن يەنە ئەرەپ ۋە سېمىت تىللىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەشتىم. ئاخىرىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەمنى دىۋانى لۇغەتىت تۈرك توغرىسىدا يېزىش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ تۈركچە ئۆگەندىم. بۇ ئاساسلىقى تۈرك دىئالېكتلىرى توغرىسىدىكى ئەرەپچە يېزىلغان لۇغەت ئىدى. ئاخىرىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەمنى دىۋانى لۇغەتىت تۈرك توغرىسىدا يېزىش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ تۈركچە ئۆگەندىم. بۇ ئاساسلىقى تۈرك دىئالېكتلىرى توغرىسىدىكى ئەرەپچە يېزىلغان لۇغەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ لۇغەتنى دوستۇم جېيمس كېلىي بىلەن بىرلىكتە تولۇق تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. ئەرەپچە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە باي تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شاھانە لۇغەتنى تەرجىمە قىلىش تولىمۇ تەس بىر ئىش. گەرچە دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە نۇرغۇنلىغان گراماتىكىلىق ۋە كۆپلىگەن ناتونۇش ئاتالغۇلار بولسىمۇ، ئەمما، بۇ كىتاب تولىمۇ ئېنىق ۋە روشەن يېزىلغان، ئۇنىڭدا ھېچقانداق سىرلىق نەرسىلەر يوق. بۇ لۇغەتنى تەرجىمە قىلىش ئۆز-ئۆزۈمگە جەڭ ئېلان قىلىش ئىدى. مەن باشقا ھەر قانداق ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە قارىغاندا، دىۋانى لۇغەتىت تۈركنىڭ تەرجىمىسى مەن ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پىشىپ يېتىلىش جەريانى بولدى دەپ قارايمەن.

دىۋانى لۇغەتىت تۈركنىڭ تەرجىمىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ شاھانە نامايەندىسى ھېسابلىنىدىغان «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە تۇتۇش قىلدىم. قۇتادغۇبىلىگ دىۋانى لۇغەتىت تۈرك بىلەن ئوخشاش دەۋردە يېزىلغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە خىزمىتى ئۈچۈن ئامېرىكا فىلولوگىيە فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. دىۋانى لۇغەتىت تۈركنىڭ پەقەتلا بىرلا قولىيازما نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخا سۈپىتى ئانچە ياخشى بولمىغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدىن ئىبارەت. دىۋاننىڭ 1917-يىلى نەشىر قىلىنغان بىر نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىنى كىلىسلى رىفات تولىمۇ ئىخلاس بىلەن ئىشلىگەن. مەندە دىۋاننىڭ ئورگىنالىنىڭ رەسىملىك ھۆججەتلىرى بولۇپ، بۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخىدىن ياخشىراق ئىدى. ئەسەرنىڭ بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىمۇ بار بولۇپ، بۇ تەرجىمىدە بەزى كامچىلىقلار بولسىمۇ، مەن تەرجىمە جەريانىدا بۇ نۇسخىدىنمۇ پايدىلاندىم.

قۇتادغۇبىلىگنىڭ تەرجىمىسى دىۋاننىڭ تەرجىمىسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر خىزمەت ئىدى. قۇتادغۇبىلىگنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىككى ئامىل مەۋجۇت ئىدى: ئۇنىڭ بىرى ئەسەرنىڭ تېكىستىنى ئاڭقىرىش بولۇپ، بۇ ئاسانغا توختىمايتتى. يەنە بىرى بولسا، تەرجىمە ئۈچۈن ئۇيغۇن ئېنگلىزچە كەلىمىلەرنى تاللاش ئىدى. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە شېئىرىي تىل ئىشلىتىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆزۈم ئېنگلىزچىدە ئوقۇغان ئېنگلىزچە سۆزلۈكلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈۋېلىشنى ئويلىدىم. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب يېڭى سۆزلۈكلەرنى ئۆگىنىش يۈزىسىدىن ئەمەس، سۆزلۈك مىقدارىمنى كېڭەيتىپ، ئۆزۈم تەرجىمىدە قوللىنىدىغان سۆزلۈكلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئون بىرىنچى ئەسىردە مەركىزى ئاسىيا تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان مەتىننى زامانىۋى ئېنگلىزچە ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

قۇتادغۇبىلىگنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى بار. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ ياخشى نۇسخىلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان، بۈيۈك ئالىم رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن 1940-يىلى يورۇقلۇققا چىققان (تۈركچە نەشرىي) نۇسخىسىدىن كۆپ پايدىلاندىم. شۇنداقلا، قۇتادغۇبىلىگنىڭ ئەسلى ئورگىنالىدىنمۇ پايدىلاندىم. رەشىت رەھمەتى ئارات بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى نەشىر قىلدۇرغان بولغاچقا، تەرجىمە تەريانىدا ئۇ يەر-بۇيەرگە دوقۇرۇپ، قول تەڭلەپ يۈرۈشۈمگە ھاجەت قالمىغان ئىدى.

قۇتادغۇبىلىك تەرجىمىسىدىن كېيىن ئوسمانىيلار دەۋرىگە كۆچمەكچى بولدۇم. ئوسمانىيلار دەۋى مەن تەتقىق قىلىشنى ئەڭ ياقتۇرىدىغان دەۋردۇر، بولۇپمۇ ئوسمانىيلار شېئىرىيتىنى ياخشى كۆرىمەن. ھەتتا مەن ئامېرىكا ئارمىيىسىدىكى كۈنلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئوسمانىيلار شېئىرىيتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولدۇم. كۆپلەپ مەسنەۋىي ئوقۇغان بولساممۇ، ھېچقانداق تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانمىدىم. قىلغىنىم، مەسنەۋىي توغرۇلۇق، مەسنەۋىيدىكى غەزەللەر توغرۇلۇق ماقالە يېزىش بولدى.

يەھۇدىي ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئامېرىكىلىق بۇ تەتقىقاتچى تۈركولوگىيە ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. روبېرت دانكوف تۈرك دۇنياسىدىكى، جۈملىدىن دۇنيا مىقياسىدىكى ئەڭ بۈيۈك پەن-مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن ھېسابلانغان تۈركىي تىللار دىۋانى ۋە قۇتادغۇبىلىگنى ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر مۇھىم ۋە زور ھەجىملىك ئەسەرگە تۇتۇش قىلغان. ئۇ بولسىمۇ، ئون ئالتىنجى ئەسىردە ئوسمانىيلار ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ ساياھەتنامىسىنى ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشتۇر. «ئەۋلىيا چەلەبى ساياھەتنامىسى» ئون جىلدلىق بۈيۈك ئەسەر بولۇپ، ئون ئالتىنجى ئەسىردە ئىستانبۇلدا ياشىغان ئەۋلىيا ئىسىملىك كىشى ئەللىك يىل جەريانىدا ياۋروپا، ھىجاز ۋە باشقا ئەرەپ زېمىنلىرى، شۇنداقلا داغىستان قاتارلىق يۇرتلارنى كېزىپ، كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇ بىر يېزىپ بايان قىلغان. «ئەۋلىيا چەلەبى ساھايەتنامىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى زىللىق ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن خاتىرىلىگەن. ھەر قايسى يۇرت، مەملىكەتلەردە كۆرگەنلىرىنىلا يېزىپ قويۇشتەك تېيىزلىقتىن ھالقىپ ئۆتكەن ئەۋلىيا چەلەبى مەلۇم بىرەر يۇرتنى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن بايان قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇ يۇرتنىڭ تارىخى، بوگۈنى، مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىدىنمۇ مەلۇمات بەرگەن.

پروفېسور روبېرت دانكوف تۈرك مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ شاھانە ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەردىن ئۈچىنى ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش بىلەن، تۈركولوگىيە ساھەسىدە، شۇنداقلا دۇنيا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئاكادېمىك تەتقىقاتچى ھېسابلىنىدۇ.

# مېنىڭ ھاياتىم

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، تونۇلغان يازغۇچى ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر، 2016-يىلى 5-ئايدا تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاسمان -پەلەك قەد كۆتۈرگەن مۇزلۇق چوققىرلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈپ ، ئاتام زامانلاردىن بۇيان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى مۇنبەت ئېكىنزارلىقنى ھاياتلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقان بىر ئانا دەريا بار. بۇ نامى يىراق-يېقىنغا پۇركەتكەن مەشھۇر مۇزات دەرياسىدۇر. مەن ئەنە شۇ مۇزات دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ئەسىرلەر مابەينى ياشارتىپ تۇرغان قەدىمىي يۇرت-باي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ياقېرىق بوستانلىقىنىڭ بوز كەنتىدىكى بىر ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە، **1965**-يىلى **2**-ئاينىڭ **8**-كۈنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپتىمەن. ياقېرىق بوستانلىقى شىمالدىكى تەڭرىتېغى بىلەن پاراللىل تۈز سىزىق ھاسىل قىلغان چۆلتاغ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، تەڭرىتېغىنىڭ نەم ئىقلىم بىلەن چۆلتاغنىڭ قۇرغاق ئىقلىمى ئۇچرىشىپ ئۆزگىچە كېلىمات ھاسىل قىلغان سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت يۇرت ئىدى.

ئېسىمنى بىلگۈدەك بولسام قاچانلا قارىسا بىر خىل بوزىرىپلا تۇرىدىغان تاقىر تاغلارغا يانداش كىچىككىنە مەھەللىمىز ئاجايىپ قاينام-تاشقىنلىقلارغا ئىگە ئىكەن. ئېتىز بېشىغا قادالغان قىزىل بايراقلارنىڭ جەۋلانىغا جۆر بولۇپ قاينام-تاشقىنلىق ھاسىل قىلغان كوللېكتىپ ئەمگەك مەنزىرىسى؛ ياغاچ مىلتىق بىلەن قوراللانغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كىنولاردىكىدەك جەبدەس ھەركەتلىرى؛ يول ئاغزىغا چازا قۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى توسۇپ ماۋزېدوڭ ئۇزۇندىلىرىدىن ئىمتاھان ئېلىپ، ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ چازىدىن ئۆتكۈزۈلمەسلىكى؛ يول بويلىرىدىكى كۆركەم «ئۇزۇندە تاملىرى»؛ مەھەللىمىزنىڭ بۇ بېشىدىن باشلىنىپ، ئۇ بېشىدىن چىقىدىغان ئەگرى-بۈگرى لەخمىلەر؛ مەھەللە بويلاپ سوزۇلغان يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زىننەت دەرۋازىسى...مانا بۇلار مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە ئۆچمەس يالداملارنى قالدۇرغانىدى.



يازدا مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن گاھ قاشلىرى ياپپېشىل ياۋا ئوت-چۆپلەرگە پۈركەنگەن، ئەگرى-بۈگرى ئېقىن ياساپ لۆمشۈپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ سۈيىگە چۆمۈلسەك؛ قىشتا ئىتلىرىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ ساي بويلىرىدا توشقان قوغلايتتۇق؛ گاھ مەھەللىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ھەربىي-دۈشمەن ئويۇنى ئوينىساق، گاھ خامان بېقىۋاتقان بوۋايلاردىن قىسسە ئاڭلايتتۇق. يەنە كېسەك ئۆينىڭ تېمىدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان كونا رادىيودىن پاشا ئىشان، داۋۇتجان ناسىر، مۇساجان روزىلارنىڭ مۇڭلۇق خەلق كۈيلىرى بىلەن ئۇزۇن تۈنلەرنى تۈگلۈكتىن جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ياتقىنىمچە ئاپام ئېيتقان چۆچەكلەر قويىندا ئۆتكۈزۈش بالىلىقىمغا ئۆزگىچە مەنىلەرنى ئاتا قىلاتتى. بولۇپمۇ مەن ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى سانىلىدىغان ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق نەۋرە ئاكام مەھەللىمىزگە يىلدا پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا كېلىدىغانلىقىغا قارىماي، ھەر قېتىم كەلگىنىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا مۇشتۇمدەك تۇرۇپ يوتقان-كۆرپە ۋە بىر كىچىك ساندۇقنى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ، ئۆيىمىزدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا مەركىزىگە جايلاشقان ياتاقلىق مەكتەپكە يول ئالدىم.شۇنداق جاپالىق شارائىتلارغا چىداپ ئوقۇپ، **1983**--يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتاھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، شاڭخەي فۇدەن ئۇنۇۋېرسىتېتى-نىڭ ئاخبارات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى

قولۇمغا تەگدى. 1985-يىلى  قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىدىكى ئىككى يىللىق خەنزۇچە تەييارلىق ئوقۇشىمىزنى غەلىبىلىك تاماملاپ ، قالغان ئوقۇشىمىزنى شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملاشتۇرۇشتەك شېرىن چۈشىنىڭ پەيزىنى سۈرىۋاتقىنىمىزدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن ”شىنجاڭ“ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىزنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋېلىشقا كەلگەنلەر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىقتىن، بىزنىڭ  شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پىلانىمىزنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى، قالغان ئوقۇشنى ”شىنجاڭ“ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە  ئوقۇيدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى.

شۇنداق قىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا خەنزۇ تىلى تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا كەسپ ئوقۇشتەك باشقىلار ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان  بۇ مۇشەققەتلىك ئوقۇش مۇساپىسىنى 1989-يىلى تاماملاپ ، هازىرغا قەدەر ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومېتېتىغا قاراشلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومېتىتى ئىشخانىسى قاتارلىق نەچچىلىگەن ئىدارە-ئورگانلاردا تەرجىمان، تەرجىمە تەھرىرى، كىنو-تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ياردەمچىسى، مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەپ كەلدىم.

بۇ جەرياندا تالاي يىللار ئۆتتى، مەندە تالاي ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۆزۈمدىكى تالاي نەرسىلەردىن ۋاز كەچتىم، يەنە تالاي يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدىم. ئەمما ، ئۆزۈمدىكى مۇنداق ئىككى نەرسىدىن ۋاز كېچەلمىدىم : بۇنىڭ بىرى ئۇنتۇلماس بالىلىق خاتىرلىرىم قالغان ئەشۇ بوز تۇپراق ئىدى. يەنە بىرى  ئەشۇ بوز تۇپراقتىكى مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن، چوڭ بىلگەن، مەندىن تالاي ئۈمۈدلەرنى كۈتكەن؛ خۇرسەنلىك، خۇرسىنىش، گاڭگىراش، ئىزتىراپلىق نەزىرى بىلەن مەندىن جاۋاب ئىزدەۋاتقان سەبى، ئاقكۆڭۈل يۇرتداشلىرىم ئىدى.هەر قېتىم يۇرتداشلىرىمنىڭ ئەشۇ هالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئازابلىق خىياللارغا پاتىمەن. ئۇلارغا هېچقانداق بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن پۇچىلىنىمەن. ئۇلارنىڭ تەگسىز سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىش ئىستىكىدە قەلەمنى بولسىمۇ قولۇمغا ئېلىشقا مەجبۇر بولىمەن. شۇ تەرىزدە يازغان يازمىلىرىمدىن پۈتكەن  «بۈيۈك بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋا» بىلەن «مىڭئۆيلەر ، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز» ناملىق ئىككى كىتابىم 2003-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئالدىنقى كىتابىمدىن ئېلىنغان شۇ ناملىق تېكىست 7-يىللىقلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن 2-قىسىم «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە تاللاپ كىرگۈزۈلدى. كېيىنكى كىتابىم ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەڭ ياخشى كىتاب مۇكاپاتى» غا نائىل بولۇپ، ماڭا قارىغاندا بوز تۇپراقتىكى يۇرتداشلىرىمنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلدى. هەر قېتىم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا بارغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتلىرىدىن مەن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تولۇق هېس قىلىمەن. ئۆزۈمنى ئۇلار ئالدىدا تېخىمۇ قەرزداردەك هېس قىلىپ قالىمەن. ئەنە شۇنداق قەرزدارلىق هېسسىياتى مېنى توختىماي قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندەپ كەلدى.

ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان يازغۇچىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە مەن يەنىلا چىڭغىز ئايتماتوفنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمەن. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىمدىلا بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانمەن. ئۇنىڭ «ئاق پاراخوت»، «جەمىلە»، « تۇنجى مۇئەللىم»، « يەر ئانا» ۋە « سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم» پوۋېستلىرىدىكى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسۋىرلەر هېلىهەم مېنى هاياجانغا سالىدۇ.. ئومۇمەن چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ هازىرغىچە نەشر قىلىنغان بارلىق ئەسەرلىرىنى يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇدۇم ۋە چىڭغىز ئايتماتوفقا ئائىت بارلىق ماتېرىياللارنى يىغىپ ساقلىدىم.

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن ئەختەم ئۆمەرگە ئالاهىدە هۆرمىتىم بار. بۇ يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى بىر يۈرۈش پوۋېستلىرىدا تەكلىماكان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىدام تەسۋىرى پەردازسىز رەۋىشتە سىزىپ چىقىلغان. مەن بۇ يازغۇچى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ۋاستىلىك هالدا ئەسرار بولۇپ باقتىم. كىچىك پېئىل، راست سۆزلۈك كىشى ئىكەن. قارىسام هۆكۈمەت تاراتقۇلىرىدا بۇ يازغۇچى ئانچە كۆپ چېلىقمايدىكەن. ئىلمىي-ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نام-ئەمەل تىزىملىكى، مۇكاپات تىزىملىكى ياكى تەھرىر هەيئەت تىزىملىكى دېگەن يەرلەردىمۇ ئىسىم-شەرىپى ئانچە چېلىقمايدىكەن. بۇ ئادەم ماڭا ئەدەبىيات كوچىسىغا ساپ قەلبى بىلەن كىرىپ، ساپ قەلبى بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

ئالتە ئايغىچە جوزا- ئورۇندۇق بېرىلمىدى. قاق تۆت يىل ئۆتكەندە ئاندىن زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىنلا قويۇدىغان يەر تاپالماي قالغان بىر كومپيۇتېرنى ئىشخانامغا قويۇپ قويۇشتى. سان-ساناقسىز كۈنلىرىمنىڭ، تالاي ۋاقتىمنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە



بىلەن ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئوتتۇرىسىدا ئازابلىق قەدەملەرنى ئېلىپ، تۈگمەس سوئاللار قاينىمىدا قانچە قېتىم ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن. خەيرىيەت، مېنىڭ شۇ چاغدىكى  ھالىتىمنى بەئەينى ئامېرىكىنىڭ تاقىلىش ئالدىدا تۇرغان گۋۋانتاناما تۈرمىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى مەلۇم بىردۆلەتكە تاڭغىنىغا، شۇ دۆلەتنىڭ ئۆز ئوبرازىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ۋە ئىچكى نارازىلىقتىن قورقۇپ ئۇ جىنايەتچىنى قوبۇل قىلمىغىنىغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. مەن ئىككى ئارىلىقتا قېلىپ شۇنچە خورلۇق تارتقۇدەك زادى قانداق جىنايەتلەرنى سادىرقىلغان بولغۇيتتۇم؟ مەن سىياسىي ئارقا كۆرۈنىشىم شۇنچە خەتەرلىك، سىياسىي جەھەتتىن شۇنچە قورقۇنۇشلۇق ئادەممۇ؟ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مەن مىللىي بۆلگۈنچى ياكى تېرورچىمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا شەرقى چوڭ كوچىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئىدارە مېنىڭ خىزمىتىمنى  نېمىدەپ سەۋەبسىزلا  شۇ كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئىدارىغا تەڭشۈېتىدۇ ؟ شۇ كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىدارە نېمىدەپ ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىنى رەت قىلىپ، خىزمەت رەسمىيىتىمنى ۋاقتىدا بېجىرمەيدۇ؟ مەن ئون ئايلاپ پۇل خەجلىمەيدىغان، تاماق يېمەيدىغان، كىيىم كىيمەيدىغان تۆمۈر ئادەممۇ ؟

تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى يەرلىك دائىرىلەر نېمە ئۈچۈندۇر مەركەزدە ئىشلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، ئەسەرلىرى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغائېرىشكەن، دەرىسلىك كىتابلارغا كىرگۈزۈلۈپ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلۈۋاتقان مەندەك بىر قانۇنلۇق گىراژدانىنىڭ « جۇڭخۇاخەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى » بەرگەن مۇقەددەس ئاپتورلۇق ھوقۇقىمنى چەكلەپ، يەرلىكتە نەشىر قىلىنىۋاتقان «ئاقسۇئەدەبىياتى» دا ئەسەر ئېلان قىلىش ۋە يەرلىك ئەدەبىيات –سەنئەت تەشكىلاتلىرى تەشكىللىگەن تۈرلۈك يىغىلىشلارغا قاتنىشىش ھوقۇقۇمنى بوغدى. بۇ جەرياندا تالاي تونۇش-بىلىشلىرىم، دوستلىرىم، ھەتتا بىر قىسىم ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىممۇ «قارىسى يۇقۇپ قالىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ مەندىن ۋاز كەچتى.

ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىكى ئورۇنسىز گۇماندىن كەلگەن بېسىم، چەتكە قېقىش، سۈرگۈن قىلىشلار ۋە ئاز بولمىغان خانىۋەيرانچىلىقلار مېنىڭ تار دائىرىدىكى سىنىپ، سىياسىي، مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەشنى غايە قىلغان بىر ساپ سەنئەت ئەقىدىسىگە ئىگە يازغۇچى بولۇش غايەمنى بىت-چىت قىلىۋەتتى. گەرچە «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەپ ياشاش كىشىگە تولىمۇ روھى ئازادىلىك بەخش ئېتىدىغان، شۇنچە لەززەتلىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا تۇشلۇق ياشاش ئىمكانىيىتى يوقالسا، ئۇ خىل لەززەت تەبئىيلا ئازابقا ئورۇن بوشىتىدىكەن. مەن بىمەھەل ئىزدەنگەن تارىخ كىشىگە ھەرقانچە سەلتەنەتلىك، ھەرقانچە جەسۇرانە تۇيغۇ ئاتا قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇگۈنگە باراۋەر ئەمەسكەن. بىر ئەدىب ئۆزى تەۋە بولغان قەۋمىنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقىغا كۆز يۇمسا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى چۈشىنىشنى خالىمىسا، رېئال مەسىلىلەرنى چىن، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ ئەكىس ئەتتۈرۈشنى تەرك ئەتسە، مەيلى ئۇ قانچە دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە بولۇپ كەتسۇن، مەيلى تارىخى بىلىمى قانچە چوڭقۇر بولۇپ كەتسۇن، ياكى قانچە كۆپ كىتاب نەشىر قىلسۇن، قانچە كۆپ مۇكاپات ياكى شان-شەرەپ ئىگىسى بوپكەتسۇن، بەرىبىر ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ، ئۆزى تەۋە قەۋم، ئۆزىنى باققان زېمىن، ئۆزى ياشىغان دەۋىر تەرىپىدىن ئۇنتۇپ كېتىلىشى مۇقەرەركەن.

مەن ئۆزۈم دۇچ كەلگەن رېئاللىق ئالدىدا كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلدىم. ئاخىردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت-قانۇنلىرىغا قارشى يول تۇتۇپ ، مەن ۋە ماڭا ئوخشاش تالاي زاماندىاش،ماكانداشلىرىمغا ئارامچىلىق بەرمەيۋاتقان ئادالەتسىزلىك، چىرىكلىك، قارا قورساقلىقىقا جەڭ ئېلان قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇ يوسۇندا يازغان «ئالىمجان ساقلىغىنىزغا رەھمەت»، «خېشىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «دىپلوم زاۋۇتلىرى ۋە براك ماللار كىرىزىسى»، «بۇلبۇل قوتاندا، ئېشەك بوستاندا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىم دەل  شۇنداق بىر كوچىنىڭ تۇرۇتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن دېسەممۇ بولىدۇ.

*ئۇيغۇرلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان، ۋىجدانلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى ئۆمەرجەن ھەسەن بوزقىرنىڭ مىسرانىم تورى باشقۇرغۇچىسى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سۆھبەتنىڭ بۇ بۆلىكى نۆۋەتتە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا (ۋەياكى تۈرمىدە) ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىرنىڭ قەلب تېۋۈشلىرىنى رېئال شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتورنىڭ بايانلىرى يۇقارقى تېما ئاستىدا ئۆز پېتى بېرىلدى.

**ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى**



# مائارىپ دېگەن نېمە؟

(مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى ئەسىردىن، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگىچە بولغان مەشھۇرلارنىڭ جاۋابى)

1. مەكتەپلەردىكى مائارىپنىڭ ئاساسىي مەقسىدى پەقەتلا ئىلگىرىكى ئەجدادلار قىلىپ كەلگەن ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىش بولماستىن، بەلكى يېڭىچە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئوغۇل-قىزلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بولۇشى كېرەك. (جېن پىياجېت، 1896 – 1980؛ شېۋىتسىيەلىك پىسخلوگ، پەيلاسوپ)

**The principle goal of education in the schools should be creating men and women who are capable of doing new things, not simply repeating what other generations have done. (Jean Piaget, 1896-1980, Swiss developmental psychologist, philosopher)**

2. مائارىپ دېگەن سىزنىڭ قانچىلىك نەرسىنى ئەستە ساقلىغانلىقىڭ ئەمەس، ياكى سىزنىڭ قانچىلىك نەرسە بىلگەنلىكىڭمۇ ئەمەس. ھەقىقىي مائارىپ دېگەن ئۆزۈڭ بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلىشىڭدۇر. (ئاناتولى فرانس، 1844-1924؛ فرانسىيەلىك شائىر، يازغۇچى)

**An education isn't how much you have committed to memory, or even how much you know. It's being able to differentiate between what you know and what you don't. (Anatole France, 1844-1924, French poet, novelist)**

3. مائارىپ سەن دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. (نېلسون ماندېلا، 1918-2013؛ جەنۇبىي ئافرىقا پرېزدېنتى؛ مۇستەقىللىق جەڭچىسى)

**Education is the most powerful weapon which you can use to change the world. (Nelson Mandela, 1918-2013, South African President, philanthropist)**

4. مائارىپنىڭ نىشانى بىزگە گۈزەللىكنى سۆيۈشنى ئۆگىتىشتۇر. (ئەپلاتون، مىلادىدىن بۇرۇنقى 424-348؛ گرېك پەيلاسوپى)

**The object of education is to teach us to love beauty. (Plato, 424-348 BC, philosopher mathematician)**

5. مائارىپنىڭ فۇنكسىيىسى كىشىگە چوڭقۇر پىكىر قىلىشنى ۋە تەنقىدىي پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىشتۇر. ھەقىقىي مائارىپنىڭ مەقسىدى ئەقلىي ئىقتىدار ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتۇر. (مارتىن لۇتېر كىڭ، 1929-1968؛ ئاكتىۋىست، ئىنسانپەرۋەر)

**The function of education is to teach one to think intensively and to think critically. Intelligence plus character - that is the goal of true education. (Martin Luther King, Jr., 1929-1968, pastor, activist, humanitarian)**

6. مائارىپ ــ بىراۋ مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەرسىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا قېلىپ قالغان نەرسىدۇر. (ئالبېرت ئېينىشتىين، 1879-1955؛ فىزىكا ئالىمى)

**Education is what remains after one has forgotten what one has learned in school. (Albert Einstein, 1879-1955, physicist)**

7. بىر ئىدىيەنى قوبۇل قىلماستىن تۇرۇپ، ئۇ ئىدىيە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولۇش مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن پىكىر ئىگىسىنىڭ بەلگىسىدۇر. (ئارىستوتىل، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 – 322؛ گرېك پەيلاسوپى)

**It is the mark of an educated mind to be able to entertain a thought without accepting it. (Aristotle, 384-322 BC, Greek philosopher, scientist)**

8. كىشى ئۆز تەربىيىسىنى نۇرغۇنلىغان خاتالىقلار، ئازاپلىنىشلار، ۋە بەختسىز كەچۈرمىشلەردىن ئالىدۇ. (رومىن روللاند، 1866-1944، فرانسوز يازغۇچىسى، تەتقىقاتچى، ئىجتىمائى پائالىيەتچى، مۇزىكىشۇناس. ئۇ 1915-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.)

**Man gets his education at the cost of many mistakes, sufferings, and unhappy experiences.**

**(Romain Rolland 1866-1944 . Romain Rolland was a French writer, social activist, researcher, and musicologist. Romain Rolland is the Nobel Prize Winner for Literature awarded him for the noble idealism of his literary works, for the sympathy and love of truth.)**

9. ھەقىقى مائارىپ بىزنى شەخسىيەتسىز ھالدا پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن باغلانغان ،تېخىمۇ ياخشى ئۆزلۈك بىلەن تەربىيلەپ چىقىشى كېرەك. ( نەنسى ئاستور، 1879-1964، ئامېرىكادا تۇغۇلغان ئەنگلىيەلىك سىياسىيون ۋە ئىجتىمائىيەتچى)

**Real education should educate us out of self into something far finer– into a selflessness which links us with all humanity. (Nancy Astor, 1879-1964, American-born English politician and socialite)**

10. مائارىپ چېلەك  توشقۇزۇش ئەمەس، بەلكى چىراق يېقىشتۇر. (ۋىلىيام بۇتلېر يېتز، 1939-1865؛ ئېرلاندىيەلىك شائىر)

**Education is not the filling of a pail, but the lighting of a fire. – William Butler Yeats, 1865-1939, Irish poet**

11. مائارىپ دېمەك ــ ھۆرلۈك دېمەكتۇر. (پاۋلو فرېير، 1921-1997؛ برازىلىيەلىك پداگوگ، پەيلاسوپ)

**Education is freedom. (Paulo Freire, 1921-1997, (Brazilian educator, philosopher**

12. مائارىپ ھايات ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئەمەس. مائارىپ سېپى ئۆزىدىن ھاياتتۇر. (جون دېۋىي، 1952-1859؛ پەيلاسوپ، پسخلوگ، مائارىپ ئىسلاھاتچىسى)

**Education is not preparation for life; education is life itself. – (John Dewey, 1859-1952, philosopher, (psychologist, education reformer**

13. مائارىپ ئەركىنلىكنىڭ ئالتۇن ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتۇر. (جورج ۋاشىڭتون كارۋېر، 1943-1864؛ تەبئىي پەن ئالىمى، بوتانىك، پداگوگ)

**Education is the key to unlock the golden door of freedom.–(George Washington Carver, 1864-1943, (scientist, botanist, educator**

14. مائارىپ مەدھىيەگە لايىق نەرسىدۇر. بىراق، ھەر قاچان شۇنى ئەستە ساقلاش ياخشىكى، ئۆگىتەلەيدىغان بولۇشتىنمۇ بەكراق بىلىشكە ئەرزىيدىغان نەرسە يوقتۇر. (ئوسكار ۋايلد، 1900-1854؛ ئېرلاندىيە يازغۇچىسى، شائىر)

**Education is an admirable thing, but it is well to remember from time to time that nothing that is worth knowing can be taught. – (Oscar Wilde, 1854-1900, (Irish writer, poet**

15. مائارىپنىڭ تۈپكى مەقسىدى ئۆزىنىلا كۆرىدىغان ئەينەكلەرنى ئۆزىدىن يىراقتىكىنى كۆرەلەيدىغان ئەينەكلەرگە ئۆزگەرتىشتۇر. (سىدنىي ج. ھارىس، 1986-1917؛ ژۇرنالىست)

**The whole purpose of education is to turn mirrors into (windows. (Sydney J. Harris, 1917-1986, journalist**

16. مائارىپنىڭ مەقسىدى قۇرۇق كاللىنى ئوچۇق كاللىغا ئۆزگەرتىشتۇر. (مالكولم فوربىس، 1990-1919؛ نەشرىياتچى، سىياسەتچى)

**Education's purpose is to replace an empty mind with an open one. (Malcolm Forbes, 1919-1990, publisher, (politician**

17. تېخىچە ھېچكىم بالىلارنىڭ روھىيىتىگە يوشۇرۇنغان ھېسداشلىق، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە سېخىيلىق قاتارلىق بايلىقلارنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. توغرا مائارىپ ئۈچۈن قىلىنغان ھەر بىر تىرىشچانلىق چوقۇم بۇ خەزىنىلەرنى ئېچىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. (ئېمما گولدمەن، 1869-1940؛ سىياسىي ئاكتىۋىست، يازغۇچى)

**No one has yet realized the wealth of sympathy, the kindness and generosity hidden in the soul of a childThe effort of every true education should be to unlock that treasure. (Emma Goldman, 1869–1940, political activist, writer)**

18. زامانىمىزدىكى كۆپۈنچە مائارىپ مەنىسىزلىك ئۈلگىسىنى يارىتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھەر دائىم قىلىۋاتقىنىمىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ گۈللىرىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆگىتىشكە تېگىشلىك تۇرۇغلۇق، ئۇلارغا گۈل ئۈزۈشنى ئۆگىتىش بولىۋاتىدۇ. (جون گاردنېر، 2002-1912؛ پرېزدېنت لىندېن جونسوننىڭ سەھىيە، مائارىپ ۋە خەير-ساخاۋەت سېكرېتارى)

**Much education today is monumentally ineffective. All too often we are giving young people cut flowers when we should be teaching them to grow their own plants. (John W. Gardner, 1912-2002, Secretary of Health, Education, and Welfare under President Lyndon Johnson)**

19. ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، مائارىپ ــ بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا ئۆتۈشۈش سۈپىتى بىلەن ــ بىر جەمئىيەتنىڭ روھىدۇر. (گىلبېرت چېستېرتون، 1874-1936؛ ئەنگىلىيە يازغۇچىسى، پەيلاسوپ)

**Education is simply the soul of a society as it passes from one generation to another. (Gilbert K. Chesterton, 1874-1936, English writer, theologian, poet, philosopher)**

20. مائارىپ قاراڭغۇ-زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتىدۇر. (ئالان بلۇم، 1992-1930؛ پەيلاسوپ، ئاكادېمىك)

**Education is the movement from darkness to light. (Allan Bloom, 1930-1992, philosopher, classicist, and academician)**

21. مائارىپ ئۆزۈڭنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشتۇر. (دانىيل بۇرستىن، 191-2004؛ تارىخچى، پروفېسور، ئادۇۋكات)

**Education is learning what you didn't even know you didn't know. (Daniel J. Boorstin, 1914-2004, historian, professor, attorney)**

22. مائارىپنىڭ مەقسىدى ھەقىقەت بىلىمى ئەمەس، قىممەت بىلىمىدۇر. (ۋىلىيام بۇروگس، 1997-1914؛ يازغۇچى)

**The aim of education is the knowledge, not of facts, but of values. (William S. Burroughs, 1914-1997, novelist, essayist, painter)**

23. مائارىپنىڭ مەقسىدى ياشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيلەشكە تەييار قىلىشتۇر. (روبېرت ھاچىنس، 1977-1899؛ مائارىپ پەيلاسوپى)

**The object of education is to prepare the young to educate themselves throughout their lives. (Robert M. Hutchins, 1899-1977, educational philosopher)**

24. مائارىپ كۆۋرۈك ياساش مەسىلىسىدۇر. (رالف ئېلىسون، 1994-1914؛ يازغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى)

**Education is all a matter of building bridges. (Ralph Ellison,1914-1994, novelist, literary critic, scholar)**

25. ھەيكەلتىراشلىق مەرمەر تاشنى ئويۇش بولسا،  مائارىپ روھنى تاۋلاشتۇر. (جوسېف ئادسون، 1719-1672؛ شائىر، ئوپېراتور، سىياسەتچى)

**What sculpture is to a block of marble, education is to the soul. (Joseph Addison, 1672-1719, English essayist,**

**poet, playwright, politician)**

**26.** مائارىپ كەلگۈسىنىڭ پاسپورتىدۇر. كېلەچەك بۈگۈن ئۈنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلغۇچىغا مەنسۇپتۇر. (مالكولم ئېكس، **1925-1965**؛ مىنىستىر، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىسى)

**Education is the passport to the future, for tomorrow belongs to those who prepare for it today. (Malcolm X, 1925-1965, minister and human rights activist)**

**27.** مائارىپ غەلىبىلىك ھاياتنىڭ ئاچقۇچى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىغا مەڭگۈلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. (سولومون ئورتىز، -**1937**، ئامېرىكىلىق مىللەت ۋەكىلى)

**Education is the key to success in life, and teachers make a lasting impact in the lives of their students. (Solomon Ortiz, 1937-, former U.S. Representative-TX)**

**28.** سەمىمىيەت ۋە گۈزەل پەزىلەتنىڭ يىلتىزى ياخشى مائارىپتۇر. (پلۇتارچ، **46-120**؛ گرېك تارىخچىسى)

**The very spring and root of honesty and virtue lie in good education. (Plutarch, 46-120AD, Greek historian, biographer, essayist)**

**29.** بۇنى بىر نەچچە خىل قىلىپ باقسام تازا قاملاشمىدى. مائارىپ ئۆزىنى بېغىشلىغان ئوقۇتقۇچى، روھى ئۇرغۇتۇلغان ئوقۇغۇچى ، ۋە قىزغىن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدىكى يۇقۇرى تەلەپكە بولغان ئورتاق ئەھدىدۇر. ( بوب بيۇپرەز، -**1948** ، بۇرۇنقى ئامېرىكا پارلامېنت ئەزاسى)

**Education is a shared commitment between dedicated teachers, motivated students and enthusiastic parents with high expectations. (Bob Beauprez, 1948-, former member of U.S. House of Representatives-CO)**

**30.** تەربىيلەش خاراكتېرىدىكى ئىشلارنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈكى بالىنىڭ ھۇجرىسىدا بولۇنغان پاراڭدۇر. (ۋىليام تېمپل، **1881-1944**؛ ئەنگىلىيەلىك ئوقۇتقۇچى)

**The most influential of all educational factors is the conversation in a child’s home. (William Temple, 1881-1944, English bishop, teacher)**

**31.** مائارىپ ئىنسان روھىنى ئەڭ ياخشى نەرسىلەرگە يېتەكلەيدۇ، ھەمدە ئۇلاردىن ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. (جون رۇسكىن، **1819-1900**؛ ئەنگىلىيە يازغۇچىسى)

**Education is the leading of human souls to what is best, and making what is best out of them. (John Ruskin, 1819-1900, English writer, art critic, philanthropist)**

**32.** مائارىپ مۇسابىقە مەيدانىنى تەكشىلەپ، ھەر-بىرەيلەننىڭ ئۈنىڭدا مۇسابىقىلىشىشىگە يول قويىدۇ. (جويس مېيېر، **1943**؛ خىرستىيان يازغۇچىسى)

**Education levels the playing field, allowing everyone to compete. (Joyce Meyer, 1943-, Christian author and speaker)**

**33.** مائارىپ ئۆگەنگەن نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان نەرسىدۇر. (ب. ف سكىنېر، **1904-1990**؛ پسىخلوگ، ئىجتىمائىيەت پەيلاسوپى)

**Education is what survives when what has been learned has been forgotten. (B.F. Skinner, 1904-1990, psychologist, behaviorist, social philosopher)**

**34.** مائارىپنىڭ ئەڭ بۈيۈك نىشانى تەپەككۇرنى بېزەش ئەمەس، ئۇنى مەشىقلەندۇرۇشتۇر. شۇنداقلا، كاللىغا باشقىلارنىڭ پىكىر يىغىندىلىرىنى قاچىلاش ئەمەس، بىراۋنىڭ ئۆز تەپەككۇرىنىڭ كۈچىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىشتۇر. (تايرون ئېدۋاردس، -**1809** **1894**؛ تېئولوگ)

**The great end of education is to discipline rather than to furnish the mind; to train it to the use of its own powers rather than to fill it with the accumulation of others. (Tyron Edwards, 1809-1894, theologian)**

**35.** بىز مائارىپنى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى قابىلىيەتلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋاستىسى دەپ بىلەيلى. چۈنكى، ھەر بىرىمىزدە ئۆزىمىزگە خاس، ئەمەلگە ئاشقان، باشقىلارغا مەنپەئەت بېرەلەيدىغان ۋە دۆلەتكە كۈچ قوشالايدىغان ئىقتىدار بار. (جون كېنىدىي، **1917-1963**؛ ئامېرىكىنىڭ **35**-نۆۋەتلىك پرېزدېنتى)

**Let us think of education as the means of developing our greatest abilities, because in each of us there is a private hope and dream which, fulfilled, can be translated into benefit for everyone and greater strength of the nation. (John F. Kennedy, 1917-1963, 35th President of the United States)**

**36.** مائارىپ قاراڭغۇ كوچىدا يولۇڭنى يورۇتىدىغان پانۇسقا ئوخشايدۇ. (زەيد بىن سۇلتان ئەل نەھيان، **1918-2004**؛ ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكىگە ئوتتۇز ئۈچ يىل ئەمىر بولغان شەخس)

**Education is like a lantern which lights your way in a dark alley.**
**(Zayed bin Sultan Al Nahyan, 1918-2004, President of the United Arab Emirates for 33 years)**

**37.** مائارىپ ئاچچىقلانماي ۋە ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭنى يوقاتماي تۇرۇپ ھەر قانداق نەرسىنى ئاڭلاشقا ۋاستە بولىدىغان ئىقتىداردۇر. (روبېرت فروست، **1874-1963**، شائىر)

**Education is the ability to listen to almost anything without losing your temper or self-confidence. (Robert Frost, 1874-1963, poet)**

**38.** مائارىپنىڭ مەخپىيەتلىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلەشتۇر. (رالف ئېمرسون، **1803-1882**؛ شائىر)

**The secret in education lies in respecting the student. (Ralph Waldo Emerson, 1803-1882, essayist, lecturer, and poet)**

**39.** ئانام مېنىڭ چوقۇم جاھىللىققا قارشى بولۇشۇمنى، ئەمما ساۋاتسىزلىقنى توغرا چۈشىنىشىمنى ئېيتقان ئىدى. شۇنداق ئادەملەر باركى، مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان، ئەمما ئالىي مەكتەپ پراففېسورلىرىدىنمۇ تەربىيىلىك ۋە ئەقىللىق. ( مايا ئانگېلو، -**1928**، يازغۇچى ، شائىر)

**My mother said I must always be intolerant of ignorance, but understanding of illiteracy. That some people, unable to go to school, were more educated and more intelligent than college professors. (Maya Angelou, 1928-, author)**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان




ئاندرېۋ  ئەپەندى

لوندوننىڭ گولدېرز گىرېن رايونى(Golders Green) ئاساسلىقى يۇقىرى كىرىملىك يەھۇدىلار ئولتۇراقلاشلقان جاي. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاندرېۋ ئەپەندى ھەر سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نامايىش قىلىدۇ.

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



بىزنىڭ مىللىتىمىز بىر، تىلىمىز بىر، ۋەتىنىمىز بىر، دىنىمىز بىر، بايرىقىمىز بىر، دۈشمىنىمىز بىر، يەنە نېمە ئۈچۈن پېتىشمايمىز. بىزنى بىرلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولۋاتقان ئىشلار بىزنى ئىختىلاپ قىلىشقا سەۋەب بولۋاتقان ئامىللاردىن تولىمۇ بۈيۈك ۋە يۈكسەك ئىشلاردۇر. تارىخنى بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بىر خاتالىقنى يەنە سادىر قىلماسلىق ئۈچۈندۇر.